12
2013

يېزا پەن . تېخنىكىسى

农村科技

ISSN 1004-1095

ھەلىمە تۇرسۇن فوتوسى

مەزكۇر ژۇرنالنىڭ باش مۇھەررىرى ھەلىمە تۇرسۇن 6-ئاينىڭ 16-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە قومۇشئېرىق يېزىلىق ھۆكۈمەت زالىدا «دېھقانلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيلى» تېمىسىدا بىر مەيدان لېكسىيە سۆزلەپ 400گە يېقىن كۇرسانتنى نەق مەيداندا تەربىيەلەپ، مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ۋە كۇرسانتلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.
ئابلەت خەۋىرى ۋە فوتوسى

2013 ـ يىل 12 ـ سان
(ئومۇمىي 344 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى

全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

بۇ ساندا

تېرىش پەرۋىش

كۆزگى بۇغداي مايسىسىغا ئۇششۇك تېگىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى.............. رەيھانگۈل موسا قاتارلىقلار (1)

ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىكتا مۈچ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى .... ئابابەكرى كېرەم قاتارلىقلار (2)
مۈچنىڭ مۇھىت شارائىتىغا بولغان تەلىپى .... سانىيە ئەبەيدۇللام (5)
پارنىكتا قورۇما كاۋىسى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى..................... بىبىنۇر ئابدۇرېشىت (6)

ئوغۇت، تۇپراق

تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى .... باھارگۈل ئۆمەر (8)
ئورگانىك ئوغۇتنىڭ تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولى .. تۇنسا ئابلىز قاتارلىقلار (10)
تۇپراق شورلىششىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .... خەيرۇللا سەلەي (11)

باغۋەنچىلىك

مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى
.... ئابدۇرېشىت ئابلىمىت (13)
مېۋىلىك دەرەخ قوۋزىقىنى قىرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......رەيھانگۈل ھوسىيىن (14)
چىلاننى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى ....سادەت ئابلىمىت قاتارلىقلار (15)
ياڭاق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار..............................مۇكەررەم سەمەت (17)
چىلاننى ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ....تاھىر ئەخمەت (19)

ئۆسۈملۈك ئاسراش

قوغۇندىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى.......ھۆرىيەت مەمەت (22)
پارنىك كۆكتاتلىرىنىڭ يىلتىز چىرىش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى .... راخمان توختى (24)
پارنىك تاۋۇزىنىڭ پىلەك قۇرۇش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى........... مەسۇت مەمەتجان (25)

سۇچىلىق

سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ توختاپ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .... مۆمىن ياسىن (28)

تاختىلاپ سۇغىرىش ـ سۇ تېجەشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر..... مۇيەسسەرجان قۇربانىياز (30)

يېزا ئىگىلىكتە سۇ تېجەشنىڭ ئەھمىيىتى ....ئابلاجان ئاخۇن (32)

ئۆستەڭ لايىھەلەشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى .... رەيھانگۈل ئەيسا (33)

لوپ ناھىيەسىنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى .... تۇرسۇنجان تۇرسۇنروزى (34)

ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردە لاتقا تىنىپ قېلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى .... مەمەت ئابلىز (35)

چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق

توخۇدىكى كوكسىدىيوم قۇرتى كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش ....تۆمۈر ئىمىن (36)

سىيىرلارنىڭ يۇقۇمسىز خاراكتېرلىك بالا تاشلاشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش .... ئۆمەرجان قاتارلىقلار(39)

قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ....(41)

بىلىۋېلىڭ

سومۇرىدىغان ۋە پوركۇگۈچ دورىلارنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار .... ھەلىمە تۇرسۇن (42)

ئاپتورلار سەمىگە.............................(44)

ئومۇمىي مۇندەرىجە

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013 ـ يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ....(45)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا

مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

农村科技
Rural Science & Technology
2013年第12期
总344期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。

栽培管理

冬小麦冻害原因及防治措施 …………………… 热汗古丽·木沙等(1)

设施农业

温室辣椒栽培技术 ……………………………… 阿巴白克力·克然木等(2)
辣椒对环境条件的要求 …………………………… 沙尼亚·艾拜都拉木(5)
温室西葫芦栽培技术 …………………………… 比比努尔·阿布都热西提(6)

土壤肥料

提高棉花连作土壤肥力方法 ………………………… 巴哈尔古丽·吾买尔(8)
有机肥提高土壤肥力的作用 ……………………… 图泥沙·阿布勒子等(10)
土壤盐碱化防治方法 ………………………………………… 海热拉·塞米(11)

园艺特产

果树苗木安全越冬措施 ………………… 阿布都热西提·阿不力米提(13)
果树刮皮注意事项 ……………………………………… 热依汉·玉苏音(14)
哈密大枣安全越冬措施 …………………………… 沙达提·阿布列米提等(15)
核桃栽培技术要点 ……………………………………… 木克热木·赛买提(17)
枣树优质高产栽培方法 ………………………………… 塔依尔·艾合买提(19)

植物保护

甜瓜病虫害防治方法 …………………………………… 吾热叶提·买买提(22)
温室蔬菜根腐病及防治方法 …………………………… 热合曼·托乎提(24)
温室西瓜蔓枯病及防治方法 ………………………… 买苏提·买买提江(25)

农田水利

水利工程设施冻胀破坏的防治措施 .... 木明·亚生(28)
小畦灌溉是节水有效措施 .... 米叶斯尔·库尔班尼亚孜(30)
农业生产节约用水的意义 .... 阿卜拉江·阿洪(32)
渠道设计步骤 .... 热汗古丽·艾沙(33)
洛浦县小型水利工程发展状况 .... 吐尔逊江·吐孙肉孜(34)
渠道淤积及防治措施 .... 买买提·阿布力孜(35)

畜牧兽医

鸡球虫病防治方法 .... 铁木尔·依明(36)
牛非传染性流产原因及防治 .... 吾买尔江等(39)

法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 ....(41)

百科知识

使用喷雾剂和粉吸剂注意事项 .... 艾力曼·吐尔逊(42)
读者须知 ....(44)

总目录

本刊 2013 年总目录 ....(45)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：新疆维吾尔自治区农业科学院《农村科技》杂志社
主　　编：艾力曼·吐尔逊　　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN 1004 – 1095
国内统一刊号：CN 65 – 1046 / S – W
邮 政 代 码：58 – 123 广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

كۆزگى بۇغداي مايسىسىغا ئۈششۈك تېگىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

رەيھانگۈل موسا
(كورلا شەھىرى تېكچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)
پاتىمە داۋۇت
(كورلا شەھەر شىنغى بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن)

1. كۈزگى بۇغداي مايىسىنىڭ ئۈششۈپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: (1) قىش كىرىشتىن بۇرۇن مايسا باراقسان ئۆسۈپ كەتسە ئاسان ئۈششۈپ قالىدۇ، يەنى كۈزگى بۇغداي بالدۇر تېرىلىپ، كۈزدىكى تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولۇپ، مايسا زىيادە ئۆسۈپ، ئۈششۈكتىن بۇرۇن مايسا بوغۇم تارتىپ كەتسە ئاسانلا ئۈششۈپ كېتىدۇ؛ (2) مايسا بەك قۇرغاق ھاۋاغا ئۇچرىسا، يەنى قار ياغمىسا ياكى بەك كېچىكىپ ياغسا مايسا ئاسان ئۈششۈپ قالىدۇ، كۈزگى بۇغداي ئادەتتە قىش كىرىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قەنت توپلايدۇ ھەم ھۈجەيرە سۇسىزلىنىش جەريانىنى تاماملايدۇ. مۇشۇ جەريان قىسقا بولسا ياكى مۇشۇ جەريانى باشتىن كەچۈرمەيلا تېمپېراتۇرا تۇيۇقسىز تۆۋەنلەپ كەتسە مايسا ئاسان ئۈششۈپ كېتىدۇ؛ (3) پەرۋىشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقمۇ مايسىنىڭ ئۈششۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنى ئۇرۇق تېيىز چۈشۈپ قېلىش، يەر تەكشى ئۇسا قىلىنماسلىق، يەرنى تەكشى تۈزلەنمەسلىك ۋە سۆرەم ياخشى سېلىنماسلىق سەۋەبىدىن ئۈششۈپ كېتىدۇ؛ (4) ئەتىيازدا قۇرغاق، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن، قۇمساڭ يەرلەردىكى مايسىلارنىڭ ئۆسۈشى تېز بولىدۇ. ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا بەكرەك تۆۋەنلەپ قالسا مايسا ئاسان ئۈششۈپ قالىدۇ.

2. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى: (1) سورت تاللاش: ئۈششۈككە ئۈششۈككە چىدامىلىق سورتلارنى تېرىش، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سوغۇققا ئۈششۈككە چىدامسىز سورتلارنى تېرىشقا توغرا كەلسە تېرىش ۋاقتىنى 7 ـ 15 كۈن كەينىگە سۈرۈش لازىم؛ (2) تېرىش مەزگىلىنى ھاۋا رايى مەلۇماتىغا ئاساسەن بېكىتىش لازىم. ئادەتتە رايونىمىزدا 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرىدىن باشلاپ تېرىسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛ (3) ئۇرۇقنى 3 ـ 5 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا تېرىش، ئەڭ ياخشىسى ئىككى قېتىم سۆرەم سېلىپ،

پارنىكتا مۆج ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئابابەكرى كېرەم   ئالىم ھەبىبۇل
(پىچان ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838200)

1. **سورت تاللاش:** پارنىكتا ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۆج سورتلىرىدىن جۇداچىڭ، لۇڭجياۋ قاتارلىقلارنى تاللىسا بولىدۇ.

2. **مايسا كۆچۈرۈپ تىكىش:** (1) پارنىكنى دېزىنفېكسىيە قىلىش؛ ھەربىر ئۆلچەملىك پارنىك ئۈچ كىلوگىرام باۋىستىن (多菌灵) بىلەن دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ ياكى بىر ئۆلچەملىك پارنىكقا ئىككى كىلوگىرام گۈڭگۈرت پاراشوكى، 80% لىك د د ۋ دىن 0.1 گىرامغا 800 گىرام ھەرە كېپىكى ئارىلاشتۇرۇپ ئوت يېقىپ ئىسلاپ، بىر كېچە دۇملىگەندىن كېيىن ھاۋا ئالماشتۇرۇلىدۇ. مايسا تىكىشتىن 10 ـ 15 كۈن بۇرۇن پارنىك يوتقىنىنى يېپىپ، تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك؛ (2) چۆنەك تارتىپ ئوغۇتلاش: قىرنىڭ كەڭلىكىنى 50 سانتىمېتىر، ئېرىقنىڭ كەڭلىكىنى 80 سانتىمېتىر قىلىپ قىر سېلىپ، 120 سانتىمېتىرلىق يالتىراق يوپۇق يېپىپ، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاش كېرەك. ئاساسىي ئوغۇتقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە توخۇ مايىقىدىن 15 كۇب مېتىر، ئاممونىي فوسفات

ئۇرۇقنىڭ تولۇق كۆمۈلۈشى ۋە تۆشۈكچىلەرنىڭ ھىم ئېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (4) ۋاقتىدا توڭ ياتقۇزۇش كېرەك. باراقسان ئۆسۈپ كەتكەن، سوغۇققا چىدامسىز ۋە قۇمساڭغۇ ئېتىزدىكى مايسىلارغا قارىتا دەرھال توڭ ياتقۇزۇش كېرەك، ئەت تۇپراقلىق، ئاجىز مايسىلىق ئېتىزلار ياكى قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغان ئېتىزلارغا كېيىنرەك توڭ ياتقۇزۇش كېرەك. ئەگەر ۋاقتىدا قار يېغىپ قالسا مايسىنىڭ بىخەتەر قىشتىن ئۆتۈشى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ؛ (5) ئەتىيازدا ئۆششۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئەگەر ئەتىيازدا تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەش ئەھۋالى ئالدىن مەلۇم قىلىنسا دەرھال سۇغىرىش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن مايسىلارنىڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا بولغان ماسلىشىشچانلىقى ئېشىپ، مايسىنىڭ ئۆششۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. (02)

تىن 50 كىلوگىرام، ئۈچ ئېلېمېنتلىق بىرىكمە ئوغۇتتىن 50 (磷酸铵) كىلوگىرام بېرىلىدۇ. 2 ـ ، 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پارنىك ئىچىدىكى 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 21℃ تىن ئاشقاندا مايسا تىكىلىدۇ؛ (3) تىكىش ئۇسۇلى ۋە زىچلىقى: ھەربىر قۇرغا ئىككى قۇر مايسا تىكىلىدۇ، قۇر ئارىلىقى 35 ـ 40 سانتىمېتىر قىلىنىدۇ، ھەرموغا 2300 ـ 2500 تۈپ مايسا تىكىلىدۇ، مايسا تىكىپ بولغاندىن كېيىن قاندۇرۇپ سۇغىرىلىدۇ.

3. مايسا تىكىپ بولغاندىن كېيىنكى پەرۋىشى: (1) مايسا ئەسلىگە كېلىش مەزگىلى: مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىن، پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃، كېچىسى 18℃ ـ 20℃ تا ساقلاپ، مايسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بۇ چاغدا كۈندۈزى تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك، بولمىسا مايسا بويىغا زورلاپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاشقا دىققەت قىلىپ، مايسىلارنىڭ ئۈششۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (2) پۇتاش: بىرىنچى مېۋە توختىغاندىن كېيىن، تۈپ ئاستىدىكى قېرى يوپۇرماق، يان شاخلارنى ئېلىۋېتىش كېرەك؛ (3) چېچەك، مېۋە توختىتىش: چېچەكلەش مەزگىلىدە قويۇقلۇقى 0.2% لىك بور ئوغۇتىنى شاخ، يوپۇرماقلارغا تەكشى پۈركۈش ئارقىلىق، چېچەكنىڭ يېتىلىشىنى تېزلىتىپ، چېچەك مىقدارىنى ئاشۇرۇپ، مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنداق قىلماي چېچەكلەشتىن بۇرۇن، توماتوتون (防落素) ياكى لاجياۋلىڭ (辣椒灵) نى 30 ـ 40 مىللىگىرام قويۇقلۇقتا پۈركۈسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھاۋا ئالماشتۇرۇش مىقدارىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، چېچەك، مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ؛ (4) سۇغىرىش، ئوغۇتلاش: مۇچ كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندە 2~3 قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلى-

نىدۇ. بىرىنچى، ئىككىنچى رەت مېۋىلىرى چۇشكەندىن كېيىن، بىر قې-
تىم قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. سۇغىرىش قېتىم قوشۇمچە سانى ۋە مىقدارى
تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالى ۋە ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.
مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن 15 كۈن بۇرۇن بىر قېتىم قاندۇرۇپ سۇغۇرۇ-
لىدۇ. ياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغانلىقتىن كۆپرەك ھاۋا ئال-
ماشتۇرۇلىدۇ. نەملىكنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۆپ بولغاچقا، سۇغىرىش
قېتىم سانىنى ئاشۇرۇش، ھاۋا ئوچۇق كۈنى سۇغىرىش كېرەك. ھەر ئىككى
قېتىم سۇغارغاندا بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇتلاش، ھەر قېتىمدا 30 كىلو-
گىرام ئورېيا ياكى ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات بىلەن ئوغۇتلاپ، بالدۇر ئا-
چىزلاپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىش لازىم. ئۆسۈشنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە
0.3% لىك ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) نى يوپۇرماقتىن پۈركۈش
ۋە تېمپېراتۇرىسى 30℃ تىن ئېشىپ كەتكەندە ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك.

**4. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يو-
قىتىش:** مۇچىنىڭ كېسەللىكلىرىدىن ۋىرۇس كېسىلى، يۇقۇملىنىش كې-
سىلى قاتارلىقلار بار. بۇلارغا قارىتا مېتىل توپسىن (甲基托布津) قاتارلىق
مىكروب يوقاتقۇچى دورىلار بىلەن تۇپراق دېزىنفېكسىيە قىلىنىدۇ، مۇۋا-
پىق سۇغىرىش، ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپنىڭ كېسەللىككە چىدامىلىقىنى
كۈچەيتكىلى بولىدۇ. ۋىرۇس كېسىلىگە ۋىرۇس A (病毒 A) قاتارلىق دو-
رىلار پۈركۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ۋىرۇس كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان
دورىلار چېچىلىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك يوقىتىدىغان دورىلار ۋە يوپۇرماق ئو-
غۇتى قوشۇپ پۈركۈلىدۇ. زىيانداش ھاشاراتلاردىن تاماكا توزان پىت، ئاق
توزان پىتى، كۆك پىت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى
ئېلىش - يوقىتىشتا پارنىكتىكى ياۋا ئوت - چۆپلەر ئالدىن يوقىتىلىدۇ.
زىيان سېلىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئىسلىغۇچى دورىلار بىلەن ئالدىنى
ئېلىپ - يوقىتىلىدۇ. زىيان سېلىشى ئېغىرلاشقاندا يۇقىرى ئۈنۈملۈك،
زەھەرچانلىقى تۆۋەن دورىلار پۈركىسە بولىدۇ. (03)

مۇچىنىڭ مۇھىت شارائىتىغا بولغان تەلىپى

سانىيە ئەبەيدۇللام
(غۇلجا شەھىرى توغراق يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 835100)

1. تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى: مۇچ ئىسسىقلىقنى ياقتۇرىدىغان كۆكتات بولۇپ، ئۇرۇقىنىڭ بىخلىنىشىغا 25℃ ـ 27℃ لۇق تېمپېراتۇرا ئەڭ مۇۋاپىق، ئەگەر تېمپېراتۇرا 20℃ دىن تۆۋەن ياكى 35℃ تىن يۇقىرى بولسا ئۇرۇق بىخلىنالمايدۇ. مايسا يېتىشتۇرۇشتە ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 30℃ بولۇپ، ئەگەر 15℃ دىن تۆۋەن بولسا ئۆسۈشتىن توختايدۇ. ئۇزاق مەزگىل 5℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا تۇرسا نابۇت بولىدۇ. مۇچ ئۆسۈش مەزگىلىدە كېچە ـ كۈندۈز تېمپېراتۇرا پەرقى 10℃ ئەتراپىدا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. يەنى كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرىسى 25℃ ـ 30℃، كېچىلىك تېمپېراتۇرىسى 15℃ ـ 20℃ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. مۇچىنىڭ ھەرقايسى مەزگىلدىكى ئۆسۈشىنىڭ تېمپېراتۇرىغا بولغان تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتە ئۆسۈش مەزگىلىدە يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى تەلەپ قىلسا، ئۆسۈشنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە بىرقەدەر تۆۋەن تېمپېراتۇرىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، گۈل ئېچىلىپ مېۋىلەش مەزگىلىدە تېمپېراتۇرا 15℃ دىن تۆۋەن بولسا نورمال چاڭلىنىشقا تەسىر يېتىدۇ. ئەگەر 35℃ تىن يۇقىرى بولسا چېچەكلەپ، چاڭلىنىشقا تەسىر كۆرسىتىپ، چېچەك ۋە مېۋە تۆكۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇچىنىڭ نورمال چېچەكلەش ۋە مېۋىلەش تېمپېراتۇرىسى كۈندۈزى 25℃ ـ 27℃، كېچىسى 16℃ ـ 18℃ بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ؛

2. نەملىككە بولغان تەلىپى: مۇچىنىڭ سۇغا بولغان تەلىپى بەك يۇقىرى ئەمەس، بىراق يىلتىزى ئانچە تەرەققىي قىلمىغاچقا سۇ سۈمۈرۈشى ئاجىز بولۇپ، قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئەگەر تۇپراق بەك قۇرغاق بولسا يوپۇرمىقى كىچىك، مايسىنىڭ ئۆسۈشى ئاستا، مېۋىسى كىچىك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر تۇپراق بەك نەم بولسا ھەر خىل كېسەللىكلەر پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، مۇچ مايسىسى بىر كېچە سۇغا چىلىنىپ تۇرسا سولىشىپ نابۇت بولىدۇ. شۇڭلاشقا ۋاقتىدا سۇغىرىش، نورمال سۇغىرىش ئىنتايىن مۇھىم. ھاۋا نەملىكىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى مۇچىنىڭ

پارنىكتا قورۇما كاۋىسى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

بىبىنۇر ئابدۇرېشىت
(غۇلجا ناھىيە چۇلۇقاي يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835100)

قورۇما كاۋىسى تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا چىداملىق بولۇپ، پارنىكتا ئۆستۈرسە بالدۇر بازارغا چىقارغىلى بولىدۇ.

1. سورت تاللاش: سوغۇققا چىداملىقى كۈچلۈك، كۆپ مېۋىلەيدىغان، ۋىرۇس كېسىلىگە چىداملىق، سۈپىتى ياخشى چىلگە سورتلارنى تاللاش كېرەك.

2. مايسا يېتىشتۈرۈش: ئۇرۇقنى تېرىشتىن بۇرۇن، دېزىنفېكسىيە قىلىپ، بىخلاندۇرغاندىن كېيىن، ئوزۇقلۇق قاچىسىغا تېرىپ، مايسا يېتىشتۈرۈش كېرەك.

3. مايسا كۆچۈرۈش: پارنىكقا مايسا كۆچۈرۈشتىن ئاۋۋال ھەر مويەرگە 5000 كىلوگىرام، تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 50 كىلوگىرام كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) نى تەكشى چېچىپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، قىر ئارىلىقىنى 60 ـ 80 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى 50 سانتىمېتىر، قىر ئېگىزلىكىنى 20 ـ 25 سانتىمېتىر قىلىپ، قىر سېلىش لازىم، ئادەتتە ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن مايسا كۆچۈرۈلىدۇ.

ئۆسۈشىگە يەنى غول ۋە يوپۇرماقنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە مېۋىلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. شۇڭا ھاۋا ئالماشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پارنىك ئىچىنىڭ نىسپىي نەملىكىنى 60% ـ 80% تە كونترول قىلىش لازىم. ئەگەر نەملىك بەك يۇقىرى بولسا، نورمال چاڭلىشىشقا تەسىر كۆرسىتىپ، چېچەك ـ مېۋە تۆكۈلۈشىنى ۋە كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛

3. تۇپراق ۋە ئوغۇتقا بولغان تەلىپى: مۇچ مۇنبەت، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىش شارائىتى ياخشى، ئاجىز ئىشقارلىق تۇپراقتا ياخشى ئۆسىدۇ. مۇچىنىڭ ئازوت، فوسفور، كالىي قاتارلىق ئېلېمېنتلارغا بولغان تەلىپى بىر قەدەر يۇقىرى بولىدۇ. شۇڭا ئورگانىك ئوغۇتنى چىرىتىپ بېرىش ھەمدە ھەرمو يەرگە 4 ـ 5 مىڭ كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت بېرىش لازىم. (03)

4. مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىنكى پەرۋىشى: (1) تېمپېرا ـ تۇرا: قورۇما كاۋا مايىسىنى پارنىكقا كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن، كۈندۈزى تېمپېراتۇرىنى 25℃ ـ 30℃ تا كونترول قىلىش، مايسا ئەسلىگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن تېمپېراتۇرىنى تەدرىجىي تۆۋەنلىتىپ، كۈندۈزى 20℃ ـ 26℃ تا ساقلاش كېرەك. مېۋىلەشكە باشلىغاندا تېمپېراتۇرىنى تەدرىجىي ئۆرلىتىپ، كۈندۈزى 25℃ ـ 30℃ تا، كېچىسى 15℃ ـ 20℃ تا كونتـ ـرول قىلىش كېرەك. تېمپېراتۇرا 30℃ تىن ئاشقاندا ھاۋادانىنى ئېچىپ ھاۋا ئالماشتۇرۇش، 20℃ تىن تۆۋەن بولغاندا ھاۋادانىنى ئېتىش كېرەك. 15℃ تىن تۆۋەنلىگەندە پارنىك يوتقىنىنى يېپىپ ئىسسىقلىق ساقلاش كېرەك؛ (2) ئوغۇتلاش ۋە سۇغىرىش: مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندىن كېيىن تاكى دەسلەپكى مېۋىسى چۈشكۈچە پارنىك يوتقىنىنى ۋاقتىدا يېپىپ، ئو ـ غۇت ۋە سۇنى كونترول قىلىش ئارقىلىق، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ كې ـ تىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. دەسلەپكى مېۋىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 سانـ ـتىمېتىرغا يەتكەندە، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەرمو يەرگە 20 ـ 25 كىـ ـلوگىرام بىرىكمە ئوغۇت بېرىش كېرەك. مېۋىلەش مەزگىلىدە سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە مىقدارىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش كېرەك. (3) چاڭلاشتۇ ـ رۇش: پارنىكتا قورۇما كاۋىسىنى چاڭلاشتۇرۇشتا، سائەت 11 دىن بۇرۇن، بىر تال ئاتىلىق چېچەكنى ئۈزۈۋېلىپ، 3 ـــ 4 تال ئانىلىق چېچەككە سۇ ـ رۇش چاڭلاشتۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئاتىلىق چېچەك بەك ئاز ياكى يوق بول ـ سا 20-30 مىللىلىتىر/لىتىرلىق 2-4D ياكى 50 مىللىلىتىر/لىتىرلىق تۇماتونۇن (防落素) نى ئانىلىق چېچەكنىڭ ئانىلىق تۇمشۇقىغا سۈرسە بو ـ لىدۇ. (4) پۇتاش: قورۇما كاۋا مايىسى پارنىكقا ئۆزلىشىپ بولغاندىن كې ـ يىن، پىلىكنى يىپقا ياماشتۇرۇپ ئۆستۈرۈش ھەمدە پىلىكى ئۆسۈپ پار ـ نىك ئۈستىگە تاقاشقىدەك بولغاندا، تۈپ ئاستىدىكى قېرى، كېسەللەنگەن يوپۇرماقلارنى ئېلىۋېتىش، يان شاخلارنى پۇتاش لازىم. (5) يىغىۋېلىش: پارنىكتا ئۆستۈرۈلگەن قورۇما كاۋىسىنىڭ يۇمران بولۇشىنى ئاساس قىـ

تەكرار تېرىلىدىغان كېۋەز يېرىنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى

باھارگۇل ئۆمەر
(كورلا شەھىرى ئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

كېۋەز تەكرار تېرىلسا تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت ساقلاش، ھاۋا، ئىسسىقلىق ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى ناچارلىشىپ، كېسەللىك مىكروبى كۆپلەپ يىغىلىپ ۋە تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تۈرى ئازىيىپ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەنلەپ، كېۋەزگە ئېھتىياجلىق ئېلېمېنتلار ئازىيىپ، كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. تەكرار تېرىغاندا تۇپىنىڭ ئۆسۈشى ناچارلىشىپ، بالدۇر ئاجىزلىشىش، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەش، سارغىيىپ قۇرۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كېۋەزنى تەكرار تېرىش سەۋەبىدىن كۆرۈلىدىغان تۇپراق ئۈنۈمدارلىپ، چوڭلۇقى 250 ـ 500 گىرامغىچە بولغاندا يىغىۋالسا بولىدۇ. (6)

كېسەللىك زىياداش ھاشاراتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: قورۇما كاۋىسىدا كۆپىنچە كۆكپىت، ئاق توزان پىت كۆرۈلىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا 40% لىك روگور (乐果)، 80% لىك د د ۋ نى چېچىپ، ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقاتسا بولىدۇ. ئادەتتە ھەرقانداق بىر دېھقانچىلىق دورىسىنى قورۇما كاۋىسىنىڭ پۈتۈن ئۆسۈش مەزگىلىدە پەقەت بىرلا قېتىم چېچىش كېرەك. قورۇما كاۋىسىدا ئاق توزان كېسىلى، ۋىرۇس كېسىلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا: 50% لىك ۋۇيىجۇنسۇ (无疑菌素) چاچسا ئاق توزان كېسىلىگە قارىتا ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ، ۋىرۇس كېسىلىگە قارىتا ئۇرۇقنى 55℃ لۇق سۇدا 40 مىنۇت ياكى كالىي دىھىدروفوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسىگە 20 مىنۇت چىلاپ، سۈزۈك سۇدا چايقىۋېتىپ بىخلاندۇرۇپ تېرىش كېرەك. ئۇندىن باشقا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئوغۇتلاپ، تۇپىنىڭ تىمەن ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، كۆكپىت بايقالسا دەرھال ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش كېرەك. (03)

لىقى تۆۋەنلەش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسلىق تېخنى-كىلىق تەدبىرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. كېۋەزلىك يېرىنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش، ئور-گانىك ئوغۇت بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتنى ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش، تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن كۆپرەك ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراق-تىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى تولۇقلاپ، تۇپراقنىڭ دانچە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپلا قالماي، تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنى جانلاندۇرۇپ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ.

2. كېۋەز تېرىلىدىغان يەرنى كۈزدە 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، تۇپراق قاتلىمىدىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھاياتىي كۈچى-نى ئۇرغۇتۇپ، ئورگانىك ماددا مىقدارىنى كۆپەيتىپ، تۇپراقنىڭ ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقىنى ياخشىلاپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، كېۋەز تۈپىنىڭ تىمەن ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

3. كېۋەز يېرىگە 2 ـ 3 يىلدا بىر قېتىم يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكى تېرىپ، ئاغدۇرۇش ئارقىلىق، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئا-شۇرۇش كېرەك.

4. تۇپراقنى خىمىيەلىك ئانالىز قىلىپ، ئېھتىياجغا قاراپ رېت-سىپلىق ئوغۇتلاش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كېۋەز ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇقلارنى تولۇقلاپ، زىرائەتلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئېھتىيا-جىنى قاندۇرغىلى ۋە تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئوغۇت ئىسراپچى-لىقىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، تۇپراقنىڭ ئوزۇقلۇق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. (02)

ئورگانىك ئوغۇتنىڭ تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولى

تۇنسا ئابلىز   ئارزۇگۇل قارى
(خوتەن شەھىرى گۇجانباغ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 848000)

تۇپراق بولسا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئاساسى، تۇپراق سۇ - يېتىنى ياخشىلاشتا مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ئوغۇتلارنىڭ ئوينايدىغان رولى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئىلمىي ئوغۇتلىمىسا تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرغىلى بولمايلا قالماستىن، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەنلەپ، مەھسۇلات مىقدارىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە تۇپراققا ماس كېلىدىغىنى ئورگانىك ئوغۇت بولۇپ، ئۇنىڭ تۇپراقنى مۇنبەتلەشتۈرۈپ ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى رولى گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ.

1. زىرائەتلەرنى ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئورگانىك ئوغۇت تەركىبىدە ئازوت، فوسفور، كالىيدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئېلېمېنت بولغاندىن سىرت، يەنە بور، مانگان، سىنىك، مولىبدىن قاتارلىق ئېلېمېنتلارمۇ بار. شۇڭا زىرائەتلەرنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش كېرەك.

2. تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ كۆپىيىشىنى تېزلىتىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت چىرىپ پارچىلانغاندىن كېيىن تۇپراقتىكى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھاياتلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېنېرگىيە ۋە ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تېزلىتىپ، ئورگانىك ماددىلارنى تېز پارچىلاپ، تۇپراق ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

3. تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلايدۇ. تۇپراقنى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلىغاندا، تۇپراقنىڭ سۇ، ئوغۇت، ھاۋا، ئىسسىقلىق ئەھۋالىنى تەڭشەيدۇ. تۇپراقنى بوشىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

4. زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. ئورگانىك

تۇپراق شورلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

خەيرۇللا سەلەي
(ئاتۇش شەھىرى توقاي ئامبار سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

يېزا ئىگىلىكىدە تۇپراقنىڭ شورلىشىشى بىرقەدەر كۆپ كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىزدە شورلاشقان يەر كۆلىمى 37 مىليون گېكتاردىن ئاشىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇپراقنىڭ شورلىشىش ئەھۋالى بىرقەدەر ئېغىر بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1/3 قىسمى شورلىشىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. نۆۋەتتە تۇپراقنىڭ شورلىشىش ھادىسىسى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئىلغار ۋە ئىلمىي بولغان سۇغىرىش تېخنىكىلىرىغا تايانغاندا، تۇپراق شورلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە شورلاشقان تۇپراقلارنى ياخشىلاش جەھەتلەردە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئوغۇت چىرىپ پارچىلانغاندا ئاجرىلىپ چىققان بىر قىسىم ماددىلار ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشى ۋە يىلتىزىنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ.

5. خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئورگانىك ماددىلار پارچىلانغان تۇپراق بىلەن خىمىيەۋى ئوغۇتتىكى مىنېرال ئوزۇقلۇقلارنىڭ سۈمۈرۈپ پارچىلىنىشىنى تېزلىتىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتتا ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت كەمچىل بولغاننىڭ ئۈستىگە تېز ئۈنۈم بېرىپ تېز يوقىلىدۇ، تۇپراقتا ئۇزۇن ساقلانمايدۇ. ئورگانىك ئوغۇتتا بولسا كۆپ مىقداردا ئوزۇقلۇق ماددىلار بولۇپ،تۇپراقتا ئۇزۇن ساقلىنىپ، ئۇزۇن ئۈنۈم بېرىدۇ. شۇڭلاشقا تۇپراق قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاشتا ئورگانىك ئوغۇت بىلەن قاندۇرۇپ ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراقنىڭ سۇ ساقلاش، ھاۋا ئۆتكۈزۈش، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارىنى ياخشىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (05)

تۇپراقنىڭ شورلىشىش سەۋەبلىرى كۆپ خىل بولۇپ، بۇنىڭ بىرى، تەبىئىي شارائىتنىڭ تەسىرىدىن پەيدا بولىدۇ، بۇ ئادەتتە ئىپتىدائىي شور تۇپراقنى كۆرسىتىدۇ. ئىككىنچىسى، تېرىلغۇ يەرلەردىن پايدىلىنىش جەريانىدا ئادەم ئامىلى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىلى كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇپراقنىڭ شورلىشىشى بولۇپ، سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىلمىي بولماسلىقى ۋە باستۇرۇپ سۇغىرىش، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرىلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەسلىدە ئۈنۈمدارلىقى ياخشى تۇپراقلارنى شورلاشقان تۇپراقلارغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى تۇپراقتىكى مىنېرال تۇزلارنىڭ سۇدا ئېرىپ، تۇپراق قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىشى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىشىشى، ھۆل - يېغىنىنىڭ ئازىيىشى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ پارغا ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشى سەۋەبىدىن، تۇپراقتىكى تۇز مىقدارىنىڭ زىيادە يۇقىرىلاپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى: (1) سۇغىرىش رايونلىرىنى پىلانلىغاندا، يەر ئاستى سۇ ئورنى يۇقىرى بولغان يەرلەرگە يەر ئاستى سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندا يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىپ، شورنى تىزگىنلەپ، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. (2) ئىمكانقەدەر سۇنى تېجەپ، پىلانلىق سۇغىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش، پىلانلىق سۇنى ئىشلىتىش، تېرىلغۇ يەرلەرنى سالالاشتۇرۇش، ئىلغار بولغان سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش كېرەك. (3) سۇچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ماسلاشتۇرۇپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش، تەكشىلەش، ئوغۇتلاش، سۇ چىقىرىۋېتىش ۋە ئورمان ئەھيا قىلىش قاتارلىق ئۈنۈۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تۇپراق شورلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (05)

مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى

ئابدۇرېشىت ئابلىمىت
(كورلا شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى كارانتىن قىلىش مەركىزىدىن 841000)

1. ئوغۇتلاش: مېۋىلىك دەرەخ كۆچەتلىرىنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ياكى نۇرسىمان چۆنەك تارتىپ ئوغۇتلاش لازىم. ئوغۇتلىغاندا قوي قىغى، توخۇ مايىقى قاتارلىق ئورگانىك ئوغۇتلارنى بېرىش ۋە فوسفور، كالىيلىق ئوغۇت بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش ئارقىلىق، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىپ، يىلتىزنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىپ، سۇ مىقدارىنى ئاشۇرۇش لازىم.

2. سۇغىرىش: يەر توڭلاشتىن بۇرۇن تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالى، ھاۋا نەملىكى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ فىزىيولوگىيەلىك ئېھتىياجى، ھاۋا ۋە يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى قاتارلىقلارغا ئاساسەن توڭ سۈيىنى قۇيۇش كېرەك.

3. ئاساسىي غولنى كۆمۈش: قىش كىرىشتىن بۇرۇن ئاساسىي غولغا 30 ـ 40 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە، دىيامېتىرىنى 40 ـ 60 سانتىمېتىر قىلىپ توپا يۆلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا قاتتىق سوغۇق بولغاندا، ئوت ـ چۆپ، پاخال قاتارلىقلار بىلەن كۆچەتلەرنى چۇمكەپ، كېلەر يىلى توڭ ئېرىگەندىن كېيىن ئاساسىي غولنى ئېچىۋېتىش لازىم.

4. ئاقارتىش: قىش كىرىشتىن بۇرۇن كۆچەتلەرنىڭ غولىنى ئاقارتىش لازىم. ئاقارتقۇچى ئادەتتە 10 ئۈلۈش سۇ، ئۈچ ئۈلۈش ھاك، ئەسلىي قويۇقلۇقتىكى ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىدىن 0.5 ئۈلۈش، ئاش تۇزىدىن 0.5 ئۈلۈش، ئاز مىقداردا ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈك مېيى قوشۇپ تەييارلىنىدۇ.

5. دەرەخ غولىنى ئوت ـ چۆپ ياكى يالتىراق بىلەن ئوراپ، ئىككىنچى يىلى 4 ـ ئايدا ئېلىۋېتىش لازىم

6. ياتقۇزۇپ كۆمۈش: 10 ـ 15 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئېرىق ئېچىپ، شۇ يىلى يېڭى قويۇلغان كۆچەتلەرنى ئېرىققا ياتقۇزۇپ، 25 ـ 30 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا توپا بىلەن كۆمۈپ، كېلەر يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى توپىدىن چىقىرىۋېتىش لازىم. (02)

مېۋىلىك دەرەخ قوۋزىقىنى قىرىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار

رەيھانگۈل ھوسۇيۇن
(يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 844400)

قىش پەسلىدە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقى ۋە قوۋزاق ئارىچىلىرىدا ھەر خىل كېسەللىك مىكروبى ۋە زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇم، لىچىنكا، قورچاقلىرى قىشلايدۇ. دەرەخ قوۋزىقىنى قىرىش ئارقىلىق كېسەللىك ۋە زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

1. مېۋىلىك دەرەخ قوۋزىنى قىرىشتا كېسەللىك، زىياندىش ھاشاراتلارنى يوقىتىشنىلا كۆزدە تۇتۇپ، كۆشەندىلەرنى قوغداشقا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ئادەتتە كۆشەندىلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىش ۋاقتى زىياندىش ھاشاراتلاردىن بۇرۇن بولىدۇ. شۇڭا زىياندىش ھاشاراتلارنى يوقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆشەندىلەرنى قوغداش ئۈچۈن، مېۋىلىك دەرەخ قوۋزىقىنى زىياندىش ھاشاراتلار ئۆچەكتىن چىقمىغان، كۆشەندىلەر ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغاندا قىرىش كېرەك.

2. دەرەخ تۈرىگە ۋە دەرەخ يېشىغا ئاساسەن قوۋزاق قىرىشنى بەلگىلەش كېرەك. ئادەتتە بەش يىلدىن ئاشقان ئالما، نەشپۈت قاتارلىقلارنىڭ قوۋزىقىنى قىرىشقا بولىدۇ. لېكىن شاپتۇل ۋە ئۆرۈك دەرەخلىرىنىڭ قوۋزىقىنى قىرسا ئاسانلا زەخىملىنىپ ئۆسۈشكە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بۇلارنىڭ قوۋزىقىنى قىرماي ھاك - گۈڭگۈرت بىرىكمىسى سۈرۈش كېرەك.

3. قىرىدىغان قوۋزاق ئورنىنى توغرا بەلگىلەش كېرەك. قايسى ئورۇننىڭ قوۋزىقىنى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا قىرىشنى مېۋىلىك دەرەختىكى زىياندىش ھاشاراتلارنىڭ قىشلايدىغان ئورنىغا ئاساسەن بېكىتىش كېرەك. زىياندىش ھاشاراتلار كۆپىنچە ئاساسىي غولدىكى كۆتىرىلىپ قالغان قوۋزاقلارنىڭ ئىچكى قەۋىتىدە قىشلايدۇ. شۇڭلاشقا ئاساسىي غول بىلەن ئاساسىي شاخنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆتۈرۈلۈپ قالغان قوۋزاقلارنى قىرىش كېرەك. دەرەخ ئۈستىدىكى قۇرۇپ بىر تەرىپى ئاجراپ بولغان بارلىق چوڭ - كىچىك قوۋزاقلارنى قىرىۋېتىش لازىم.

4. قوۋزاقنى قىرىش چوڭقۇرلۇقى مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. ئالما دەرە-

چىلاننى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈش تەدبىرلىرى

سادەت ئابلىمىت
(قۇمۇل شەھىرى دەۋەلدۇرۇك يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 839000)
پاتىگۈل ئابدۇرېھىم   رۇقىيەم ئاخمول
(قۇمۇل شەھەرلىك باغۋەنچىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 839000)

1. پۇتاش: چىلان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن، چاتاپ شەكىللەندۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، شۇ يىلى ئۆسكەن شاخلارنى قىسقارتىپ كېسىش ھەمدە كىرىشىپ كەتكەن شاخلارنى شاللىۋېتىش ئارقىلىق، دەرەخ ئۈستىگە ئوزۇقلۇق توپلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

2. توڭ ياتقۇزۇش: توڭ ياتقۇزغاندا چىلان دەرىخىنىڭ غولى سۇغا چىلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

3. باغ يېرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش: چىلان يوپۇرمىقى تۆكۈلگەندىن كېيىن، باغ يېرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىش، باغ يېرىنى يوپۇرماق ۋە ئوت ـ چۆپلەرنى پاكىز تازىلاش، ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىكمىسىنىڭ 1000 ـ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، باغ تازىلاش گۇھىرىنىڭ 1200 ـ 1500 ھەسسە ئېرىتمىسىنى چېچىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇمى ۋە كېسەللىك

خىنىڭ قوۋزىقى نېپىز بولۇپ، نېپىزرەك قىرىش كېرەك. نەشپۈت دەرىخىنىڭ قوۋزىقى قېلىن، يېرىق كۆپ ھەم چوڭقۇر بولغاچقا چوڭقۇر قىرىش لازىم. ئاساسىي غولنىڭ قوۋزىقىنى قىرىشتىن باشقا، ئاساسىي غولدىن ئۆسۈپ چىققان شاخلارنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن ۋە ئاساسىي شاخلارنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن تۆۋەن تەرىپىدىكى كۆتۈرۈلۈپ قالغان قوۋزاقلارنى قىرىش كېرەك. بۇنىڭدا قوۋزاقنىڭ ئاستىدىكى يۇمران پوستىنى زەخىملەندۈرۈپ قويماسلىق، ئۇنىڭدىن باشقا قوۋزىقى قىرىلغان تۈپلەرنىڭ ئاستى تەرىپىنى يالتىراق ياكى چىپتا بىلەن ئوراپ قويۇش لازىم.

5. مېۋىلىك دەرەخ قوۋزىقىنى قىرغاندا، دەرەخ ئاستىغا يالتىراق ياكى قەغەز سېلىپ، قىرىلغان قوۋزاقلارنى ئۇنىڭغا چۈشۈرۈپ بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. (03)

مىكروبىنى يوقىتىپ، زىياندااش ھاشاراتلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈشىنى كونتـ-رول قىلىش كېرەك. باغ يېرىنى ئاغدۇرغاندا دەرەخ تۈپىدىن بىر يېرىم مېـ-تىر دائىرىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، ئاغدۇرۇش چوڭقۇرلۇقى 30 سانتىمېـ-تىردىن كەم بولماسلىقى كېرەك.

4. كۈز پەسلىدە ئوغۇتلاش: چىلانلىق باغلارغا 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈ-نىدىن كېيىن ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى ئىشلەتمەسلىك، ئاز مىقداردا كالىي، فوسفورلۇق ئوغۇت ئىشلەتسە بولىدۇ. يوپۇرماق تۆكۈلگەندىن كېيىن، دە-رەخ ئەتراپىنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، دەرەخ تۈۋىدىن 1 ـ 1.5 مېتىر يىراقلىقتا، 50 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، ھالقىسىمان ئورەك كولاپ، ھەر تۈپ دەرەخنى 10 ـ 20 كىلوگىرام چىرىگەن قوتان قىغى بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك.

5. چىلان دەرىخىگە توپا يۆلەش: قىشتا تېمپېراتۇرا پەيدىنپەي تۆ-ۋەنلەشكە باشلىغاندا، دەرھال چىلان دەرىخى ئەتراپىغا توپا يۆلەش، توپا يۆلـ-گەندە دەسسەپ چىڭداش، توپا يۆلەش ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىردىن كەم بول-ماسلىقى، يۆلىنىدىغان توپا قۇرۇق بولۇشى، نەم توپا ۋە داڭگال بولۇپ قالماس-لىقى كېرەك. كېۋەزگە كىرىشتۈرۈپ تىكىلگەن چىلان مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئاغدۇرۇش ھەمدە تەلەپ بويىچە توپا يۆلەش كېرەك.

6. دەرەخ غولىنى ئاقارتىش: 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ دەرەخ يوپۇرمىقى تۆكۈلۈپ بولغانغا قەدەر، دەرەخ غولىغا ھاك ـ گۈڭگۈرت بىرىك-مىسىنى سۈرۈش لازىم. تەييارلاش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە: بەش كىلوگىرام ھاك، 500 گىرام گۈڭگۈرت، 20 كىلوگىرام سۇ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىـ-دۇ. چىلان دەرىخىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئېگىزلىكىگە قاراپ، 60 سانتىمېتىردىن 120 سانتىمېتىر جايىغىچە سۈرسە بولىدۇ.

7. دەرەخ غولىنى ئوراش: 12 ـ ئايدىن باشلاپ چىلان دەرىخىنىڭ ئا-ساسىي غولىنى سامان، پاختا رەخت، كىگىز، پاخال قاتارلىقلار بىلەن ئوراش، ئوراش قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتىردىن كەم بولماسلىقى، ئېگىز-لىكى يەر يۈزىدىن 60 سانتىمېتىر ئېگىزلىكتە ئېلىش كېرەك.

7. كۆل چېچىش: 1 ـ ئاي كىرگەندىن كېيىن، چىلان دەرىخىنىڭ

ياڭاق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

مۇكەررەم مەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن)

ياڭاق دەرىخى ئۆمرى ئۇزۇن، چوڭقۇ يىلتىز تارتىپ، تىك ئۆسىدىغان دەرەخ بولۇپ، سۇ، ئوغۇتقا تەلىپى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدۇ، ياڭاق دەرىخىنى تىمەن ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن پەرۋىشنى كۈچەيتىش كېرەك.

1. باغ يېرىنى تاللاش: تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن، سۇغىرىش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش شارائىتى ياخشى بولغان قۇمساڭ تۇپراق ياكى يېنىك شورلۇق قۇمساڭ تۇپراقلارنى تاللاپ، ياڭاقلىق باغ بىنا قىلىش كېرەك. ئادەتتە تۇپراقنىڭ شور تەركىبى 0.3% تىن تۆۋەن بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. باغ يېرىگە شىخى قىسقا ئۆسىدىغان، تاجىسى زىچراق، بالدۇر مېۋىلەيدىغان ياڭاق سورتلىرىنى تاللاپ تىكىش كېرەك. كۆچەت تىككەندە، تۈپ، قۇر ئارىلىقىنى 3×4 مېتىر ياكى 4×5 مېتىر قىلىپ تىكسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

2. دەرەخ غولىنى بەلگىلەش: كۆچەت تىكىلگەندىن كېيىن غولىنى يەر يۈزىدىن 1 ـ 1.2 مېتىر قالدۇرۇپ كېسىۋېتىپ، غولىنى بەلگىلەش كېرەك. ئادەتتىكى باغلاردا غول ئېگىزلىكىنى 0.6 ـ 1 مېتىر، زىچ تىكىپ پاكار ئۆستۈرۈلىدىغانلىرىنىڭ غول ئېگىزلىكىنى 40ـ 60 سانتىمېتىر قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئەتراپىغا ئازراق ئۆسۈملۈك كۈلى ۋە كۆمۈر توپىسى چېچىپ قويۇش، ئەگەر شامال ئۇچۇرۇپ كەتسە يەنە دەرھال تولۇقلاپ چېچىش كېرەك.

8. قارنى تازىلاش: قار ياغقاندا، قاردىن كېيىن دەرەخ ئەتراپىغا دۆۋىلىنىپ قالغان قارلارنى ۋاقتىدا تازىلىۋېتىش كېرەك.

9. ئىسلاش ئارقىلىق ئۈششۈكتىن ساقلىنىش: 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرى ئەگەر تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ نۆلدىن تۆۋەن 10℃ قا چۈشۈپ قالسا، چىلانلىق باغنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى شامال يۆلىنىشىگە كېچىسى ھەرە كېپەكى، شاخ ـ شۇمبا، سامان، كېۋەز شادىسى قاتارلىقلارغا ئوت يېقىپ ئىسلاش، ئەگەر ئۇدا ئۈششۈك كۆرۈلسە داۋاملىق ئىسلاش كېرەك. (03)

3. شەكىلگە كەلتۈرۈپ چاتاش: ئاساسىي غول ئېگىزلىكىنى 0.8 ـ 1 مېتىر قىلىپ، ئاساسىي شاخنى ئىككى قەۋەتكە ئايرىش ھەمدە قەۋەت ئارىلىقىنى 1.5 ـ 2 مېتىر قىلىش كېرەك. ئادەتتە 1 ـ قەۋەتتە ئۈچ تال ئاساسىي شاخ قالدۇرۇلىدۇ، ھەربىر شاختا 3 ـ 4 تال يان شاخ قالدۇرىلىدۇ. ياش دەرەخ مەزگىلىدە شالاڭ قەۋەتلىك دەرەخ شەكلىگە كىرگۈزۈپ، ئۈچ تال ئاساسىي شاخنى تاللاپ، مېۋە شېخى، مېۋە شاخ گۇرۇپپىلىرىنى قالدۇرۇپ، ھارام شاخلارنى ۋە ئاجىز ئۆسكەن ئىككىلەمچى شاخلارنى كېسىۋېتىش لازىم. ياڭاق دەرىخىنى ئەتىيازدا بىخلىنىشتىن بۇرۇن ۋە كۈزدە يوپۇرماق تۆكۈلۈشتىن بۇرۇن چاتاش كېرەك.

4. ئوغۇتلاش: ھەر يىلى ھەر مو ياڭاقلىقنى ئاز دېگەندىمۇ 750 كىلوگىرام قىغ، 200 كىلوگىرام ئەتراپىدا كۆنجۈرە بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. ئاساسىي ئوغۇت پۈتۈن يىللىق ئوغۇتلاش مىقدارىنىڭ 80% نى تەشكىل قىلسا مۇۋاپىق بولىدۇ، 1~3 يىل بولغان ھەر تۈپ ياڭاقنى 20 ~25 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، بىر كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، بىر كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. مېۋىگە كىرگەن دەرەخلەرنى ئوغۇتلاش مىقدارىنى دەرەخنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە مەھسۇلاتنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ بەلگىلىسە بولىدۇ. مېۋىگە كىرگەن بىر تۈپ ياڭاقنى 50 ـ 80 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 200 ـ 500 گىرام بىرىكمە ئوغۇت بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. ئوغۇتلاشتا 2 ـ 3 يىللىق دەرەخكە دەرەخ غولىدىن 40 ـ 60 سانتىمېتىر يىراقلىقتا، 4 ـ 5 يىللىق دەرەخ تاجىسى سايە تاشلىغان دائىرىدە 60 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ياكى نۇرسىمان چۆنەك تارتىپ، ئوغۇتنى كۆمۈپ بېرىش كېرەك. ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلاشتا، دەرەخ غولىنى بويلاپ ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ. ئورەك بىلەن دەرەخنىڭ ئارىلىقى ئادەتتە دەرەخ تاجى رادىئۇسىنىڭ 1/3 گىچە بولسا بولىدۇ. ئورەكنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى دەرەخنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلەش لازىم. ئورەكنى بەك چوڭقۇر كولىمىسىمۇ بولىدۇ. بەك چوڭقۇر كولىسا يىلتىز تارتىش دائىرىسى كىچىكلەپ، ياڭاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. ياڭاقنى تېخنىكا تەلەپ بويىچە ئوغۇتلىسا، تىمەن ئۆسۈپ، تولۇق چاڭلىنىپ، مېغىزى توق، ھوسۇلى يۇقىرى بولىدۇ. (03)

چىلاننى ئەلا سورتلىك، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى

تاھىر ئەخمەت
(توقسۇن ناھىيەلىك باغ ـ ئورمان مېۋىچىلىكىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزىدىن 838100)

1. باغ يېرىنى تاللاش: ئادەتتە چىلان ئەت تۇپراقتا ياخشى ئۆسىدۇ. چىلان كۆچەتنى قۇر ئارىلىقىنى تۆت مېتىر، تۈپ ئارىلىقىنى ئۈچ مېتىر قىلىپ تىكسە مۇۋاپىق. چىلاننى تىكىشتە شىمالدىن جەنۇبقا چۆنەك ئېچىپ تىكسە سۇغىرىشقا قولايلىق بولۇپ، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى ياخشى ھەم پەرۋىش قىلىشقا قولايلىق بولغاچقا، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىكىشتىن بۇرۇن چۆنەك ئىچىگە ئورەك كولاپ، ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىپ تىكسە، كۆچەتلەرنىڭ پۈتۈن يىللىق ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. چۆنەك ئىچىگە يالتىراق يېپىلسا ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تۇپراقنىڭ نەملىكىنى ساقلاشقا زور پايدىسى بولىدۇ.

2. شەكىلگە كىرگۈزۈپ چاتاش: ناھىيەمىزدە كۆل رەڭ چىلان سورتىنى ئۆستۈرۈش زور سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىل سورتنىڭ تىك ئۆسۈشچانلىقى كۈچلۈك، قەۋەتكە ئايرىلىش روشەن بولۇپ، ئاساسىي غوللۇق، شالاڭ قەۋەتلىك ئۆستۈرۈش شەكلى قوللىنىلىدۇ. شەكىلگە كىرگۈزۈشتە دەسلەپكى ئىككى يىلدا ئاساسىي غولنى يېتىشتۈرۈش، 3 ـ، 4 ـ يىللىرى 1 ـ، 2 ـ قەۋەت شاخلىرىنى تەربىيەلەش ئاساس قىلىنىدۇ، يەنى دەسلەپكى يىلى ئاساسىي غولنى يەر يۈزىدىن 70 ـ 80 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ كېسىپ، ئۈچ تال شاخ تاللاپ قالدۇرۇلۇپ، 1 ـ قەۋەت ئاساسىي شاخ شەكىللەندۈرۈلىدۇ، 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسكەندە ئۇچىنى ئۈزۈپ، 2 ـ 6 تال شاخنى تاللاپ قالدۇرۇپ، 2 ـ قەۋەت ئاساسىي شاخ گۇرۇپپىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. كۆپ مېۋە بېرىش مەزگىلىدىكى دەرەخلەرنى چاتاشتا دەرەخ تېنىنىڭ تېمەنلىكىنى ئاساس قىلىپ، مۇۋاپىق شالاڭلىتىپ كېسىش ۋە

قىسقارتىپ كېسىش ئارقىلىق، يورۇقلۇقنىڭ چۈشۈشىنى تەڭشەپ، دەرەخ تا-جىسىنى مۇۋاپىق ئېگىزلىكتە كونترول قىلىپ، شاخلارنىڭ «ئۈستى كۆچ-لۈك، ئاستى ئاجىز» ۋە مېۋە شاخلىرىنىڭ سىرتقا يۆتكىلىشتەك ناچار ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

3. سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاش: (1) سۇغىرىش، بىخلاش سۈيى، چېچەك سۈيى، مېۋە يوغىناش سۈيى ۋە توڭ سۈيى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. بىخى سۈيى توڭ ئېرىپ چېچەكلەشتىن بۇرۇن قوشۇمچە ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ بې-رىلىدۇ. چېچەك سۈيى چىلان چېچەكلەشنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى مەز-گىلىدە قويۇلىدىغان ئىككى قېتىملىق سۇ بولۇپ، چېچەكلەش ھەم مېۋى-لەش جەريانىدىكى نەملىككە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ، مېۋە يوغىناش سۈيى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى 7 ـ ئاينىڭ باش، ئوتتۇرلىرى قويۇلىدىغان سۇ بولۇپ، مېۋە تېز يوغىناپ، مەھسۇلات يۇقىرىلاپ مېۋە سۈپىتىنى ياخ-شىلاشتا ئاچقۇچلۇق رول ئوينايدۇ، شۇڭا سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ چوقۇم قوشۇمچە ئوغۇتلاش زۆرۈر. (2) ئوغۇتلاش: ئاساسىي ئوغۇت ۋە قوشۇمچە ئوغۇت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسىي ئوغۇت: توڭ سۈيىنى قويۇش-تىن بۇرۇن بېرىلىدىغان ئوغۇت بولۇپ، كېلەر يىللىق ئۆسۈپ مېۋىلىشىنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئوغۇتلاشتا ياش دەرەخلەرنى 30 ـ 40 سان-تىمېتىر كەڭلىكتە، 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ، چوڭ دەرەخلەرنى ھالقىسىمان ئورەك كولاپ ياكى نۇرسىمان چۆنەك تارتىپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ، نۇرسىمان چۆنەك تارتىپ ئو-غۇتلاشتا، دەرەخ تاجىسىنىڭ سىرتىدىن دەرەخ غولىغا قارىتىپ 30 ـ 40 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا، 40 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، بىر مېتىر ئۇزۇن-لۇقتا، 6 ـ 8 تال چۆنەك تارتىپ ئوغۇتلىسا بولىدۇ. نۇرسىمان چۆنەكنى دەرەخ غولىغا يېقىنلاشقانسېرى تېيىز كولاش كېرەك. ئوغۇتلاشتا ياش دە-رەخلەرگە ياخشى چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن 10 ـ 30 كىلوگىرام، كۆچەتكە 3 ـ 5 كىلوگىرام بېرىلىدۇ ياكى بارلىق ئوغۇتلارنى باغ ئىچىگە

تەكشى چېچىپ، 15 ـ 20 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ تۇپىغا ئا- رىلاشتۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ. (3) قوشۇمچە ئوغۇتلاش: قوشۇمچە ئوغۇتلاشتا تېز ئۈنۈم بېرىدىغان ئوغۇتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش ھەم ئۆسۈشنىڭ دەس- لەپكى مەزگىلىدە ئازوتلۇق ئوغۇتلارنى، كېيىنكى مەزگىلىدە فوسفور، كا- لىيلىق ئوغۇتلارنى بېرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ياش دەرەخلەرگە 6 ـ ئايدا بىر قېتىم قوشۇمچە ئوغۇت بەرسە بولىدۇ، چوڭ دەرەخلەرگە چېچەك- لەشتىن بۇرۇن ھەم مېۋە يوغىناش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم قوشۇمچە ئو- غۇتلاش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 3 ـ 5 قېتىم يوپۇرماقتىن پۈركۈپ ئوغۇتلاش لازىم.

4. كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: چىلاندىكى كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا «ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش» ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئادەم كۈچى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش، بىيولوگىيەلىك ئالدىنى ئېلىش ۋە خى- مىيەلىك ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىش كېرەك. قىشلىق چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ كېسەللەنگەن شاخلارنى كېسىپ، قېرى قوۋزاقلارنى قىرىپ، باغ سىرتىغا ئەپچىقىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. ئەتىي- يازدا دەرەخ بىخلىنىشتىن بۇرۇن بائومى بەش گىرادۇسلۇق ھاك ـ گۈڭ- گۈرت بىرىكمىسىنى دەرەخنىڭ ھەممە قىسمىغا تەكشى پۈركۈش كېرەك، 6 ـ ئايدا قاسراقلىق قۇرت، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، 40% لىك سۇپراتسىد (速扑杀乳油) سۇتسىمان مېيى، سۇجىيكې (速蚧克乳油) سۇتسىمان مېينىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. 7 ـ ئايدا چىلان داغ كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن، مۇۋاپىق مىقداردىكى بوردو سۇيۇقلۇقى (波尔多液) نى پۈركۈش كېرەك. (03)

قوغۇندىكى زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

ھۆرىيەت مەمەت
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 845350)

1. قوغۇن كۆكپىتى: (1) پارىنىكنى د د ۋ (敌敌畏) بىلەن ئىسلىسا، قوغۇن كۆكپىتىنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى تارايتقىلى بولىدۇ. (2) قوغۇن كۆكپىتى پارچە - پۇرات پەيدا بولغاندا، 30% لىك ئاسېپات (乙酰甲胺磷) ياكى 40% لىك ئوكسىدلانغان روگۇر سۇتسىمان مېيى (氧化乐果乳油)نى بەش ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ قوغۇن پېلىكىگە چاچسا، مەركىزىي تۇپلەردىكى قوغۇن كۆكپىتىنى ئۈنۈملۈك كونترول قىلغىلى بولىدۇ. (3) قوغۇن كۆكپىتى ئومۇمىيۈزلۈك پەيدا بولغاندا، د د ۋ زەھەرلىك توپىسى بىلەن دىمىقتۇرۇپ يوقىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەر موغا 80% لىك د د ۋ سۇتسىمان مېيىدىن 100 ـ 150 مىللىلىتىر ئېلىپ، 10 ـ 15 ھەسسە يۇمشاق توپىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ دورىلىق توپا ياساپ، يوپۇرماق ئاستىغا چېچىش ياكى 10% لىك ئىمىداكلورد (吡虫啉) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 20% لىك مارشال (好年冬) سۇتسىمان مېيىنىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 2.5% لىك تالىستار (天王星) سۇتسىمان مېيىنىڭ 3000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 40% لىك روگۇر سۇتسىمان مېيىنىڭ 1000ـ2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 2.5% لىك كارات سۇتسىمان مېيى (功夫乳油) نىڭ 4000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چېچىش كېرەك.

2. قوغۇن يوپۇرماق قېتى چىۋىنى: (1) ئورگانىك ئوغۇتنى تولۇق چىرىتىپ ئىشلىتىش كېرەك. (2) تۇخۇم تۇغۇشى ئەۋجىگە چىقىش مەزگىلىنى، تۇخۇمدىن لىچىنكا چىقىش مەزگىلىنى ۋە دورا چېچىش مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ، 40% لىك روگۇر سۇتسىمان مېيىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 80% لىك د د ۋ سۇتسىمان مېيىنىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 2.5% لىك ئىمىدان (亚胺硫磷) نىڭ 1000ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، 90% لىك پىڭشاۋبەي كىرىستالى (蹦受百) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى ياكى 2.5% لىك دىساس (敌杀死) ۋە ياكى

40% لىك جۇما (菊马) سۇتسىمان مېيىنىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇ- قىنى يوپۇرماقنىڭ ئالدى - كەينىگە تەكشى پۈركۈش كېرەك.

3. تاماكا توزان پىتى: (1) پارنىكتىكى توزان پىت مەنبەسىنى يوقى- تىشتا، 22% لىك د د ۋ ئىسلاش دورىسى (敌敌畏熏蒸剂) بىلەن ئىسلىسا ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم بېرىدۇ. (2) سېرىق رەڭلىك تاختايغا جەلپ قىلىپ يوقاتسا بولىدۇ. (3) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، 10% لىك بوپروفېزىن سۇتسىمان مېيى (扑虱灵乳油) نىڭ 1000 ھەسسىلىك سۇ- يۇقلۇقى ياكى 25% لىك خىنو مېتىئونات سۇتسىمان مېيى (灭螨猛乳油) نىڭ 2000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقى، مېشابى (灭杀毙) نىڭ 4000 ھەسسى- لىك سۇيۇقلۇقى ياكى 2.5% لىك كارات سۇتسىمان مېيىنىڭ 5000 ھەس- سىلىك سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلارنى ھەر 7 - 10 كۈندە بىر قېتىم پۈركۈسە بولىدۇ.

4. يەر يولۋىسى: (1) يېتىلگەن ھاشارەتنى خىرە نۇرلۇق چىراغ، ئاچچىقسۇ - شېكەر سۇيۇقلۇقىغا جەلپ قىلىپ يوقىتىش كېرەك. (2) دورا ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش: د د ۋ نىڭ 800 - 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى يوپۇرماققا پۈركۈش ياكى يىلتىزىغا قۇيۇش كېرەك. 2.5% لىك دىساسىنىڭ 300 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 85% لىك ئاتسېفاتىنىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ، 50% لىك فوكسىم سۇتسىمان مېيى (辛硫磷乳油) نىڭ 1500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك. 85% لىك ئاتسېفات ياكى 50% لىك فوكسىم سۇتسىمان مېيىنىڭ بىر ئۈلۈشىگە 20 ئۈلۈش سۇ قوشۇپ، ئۇنىڭغا قورۇلغان كۈنجىرە ياكى بۇغداي كېپىكىنى تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، كەچقۇرۇن قوغۇن مايسىسى ئەتراپىغا چېچىپ قويۇش كېرەك. بۇنداق يەمچۈكنى ھەر مو يەرگە 4 - 5 كىلوگىرامدىن قويسا چوڭ ياشلىق لىچىنكىلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

5. يىگىنسىمان سېرىق قۇرت: دېپتېرېكس (敌百虫) كە كۈنجىرە ياكى بۇغداي كېپىكى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان يەمچۈككە يىگىنسىمان سېرىق قۇرتنى جەلپ قىلىپ يوقاتسا ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ. ئىشلىتىل- دىغان دورا مىقدارى يەمنىڭ 1% چىلىك بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. (03)

پارنىك كۆكتاتلىرىنىڭ يىلتىز چىرىش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

راخمان توختى
(كورلا شەھىرى تۇۋۇرچى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 841000)

كۆكتات مايسىسىنى يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە ۋە مايسا كۆچۈرگەندىن كېيىن، مايسا ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدە، تېمپېراتۇرا تۆۋەن، يورۇقلۇق ئاجىز، نەملىك كۆپ بولسا ئاسانلا يىلتىز چىرىش كېسىلى كۆرۈلىدۇ، كېسەللەنگەن يۇمران يىلتىزنىڭ پوستى تەدرىجىي سېسىيدۇ. ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈپ پايدىلىنىش ئىقتىدارى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، يەر ئۈستى قىسمى ئۆسۈشتىن توختايدۇ، ئاخىرىدا سولىشىپ نابۇت بولىدۇ. يىلتىزى سېسىغان مايسىنىڭ غولى ۋە كۆتىكىدە كېسەللىك داغلىرى بولمايدۇ، پاختىلاشقان ماددىمۇ پەيدا بولمايدۇ، بۇ توساتتىن يېتىپ كېتىش كېسىلى، تىك قۇرۇش كېسىلى قاتارلىق تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللەرنىڭ ئالامەتلىرىدىن پەرقلىنىدۇ، ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا مۇنۇلارنى ياخشى ئىشلەش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

1. مايسىزارلىق ياكى پارنىك تېمپېراتۇرىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش كېرەك. مايسا يېتىشتۈرۈش مەزگىلىدە تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى 13℃ تىن يۇقىرى قىلىش، مايسا كۆچۈرگەندە تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى 20℃ ئەتراپىدا قىلىش، ئەڭ تۆۋەن بولغاندىمۇ 10℃ تىن يۇقىرى قىلىش كېرەك.

2. مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسىنى تېخنىكا تەلەپ بويىچە تەييارلاش كېرەك. پارنىك ياكى مايسىزارلىق تۇپرىقىغا ئىسسىقلىق پەيدا قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مەھەللىۋى ئوغۇت (ئات، ئېشەك قىغى قاتارلىقلار) نى يېتەرلىك بېرىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئىمكانقەدەر يۇقىرىلىتىپ، تۇپراقنىڭ نەملىك ساقلاش، ھاۋا ئۆتكۈزۈش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تۇپراق نەملىكىنى كونترول قىلىش كېرەك. مايسا يېتىشتۈرۈش توپىسىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ، تۇپراق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. مايسىنى ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى كۆچۈرۈپ تىكىش ھەمدە بەك چوڭقۇر تىكمەسلىك كېرەك. مايسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىپ، ئۈستىگە يالتىراق يوپۇق يېپىپ، ئىسسىقلىق ساقلاش تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىپ، تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرىلىتىپ، مايسىنىڭ تېز ئەسلىگە كېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يارنىڭ تاۋۇزنىڭ پىلەك قورۇش كېسىلى ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

مەسئۇت مەمەتجان
(غۇلجا ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 835100)

تاۋۇزنىڭ پىلەك قورۇش كېسىلى يەنە قارا چىرىش كېسىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تاۋۇزنىڭ ئاساسلىق كېسەللىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يارنىڭتا ئۆستۈرۈلىدىغان تاۋۇزدا كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئاساسلىقى يوپۇرماق، پىلەك ۋە مېۋىسىگە زىيان سالىدۇ. يۇمران مايسا كېسەللەنگەندە پەللە يوپۇرماقتا سۇ تامچىسىغا ئوخشاش ئۇششاق داغلار پەيدا بولۇپ، كېيىن قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ ۋە كېسەللەنگەن قىسمىدا كىچىك داغلار پەيدا بولىدۇ. يەرلىك ئورۇندا قىزغۇچ قوڭۇر يىلىمسىمان كىچىك داغلار پەيدا بولىدۇ. يېتىلگەن تۇپلەرنىڭ يوپۇرماق ئالقىنىدا كېسەللىك پەيدا بولغاندا دەسلەپتە ئېلىلىپسىمان ۋە ياكى تەرتىپسىز ھالەتتىكى قوڭۇر داغلار پەيدا بولىدۇ. پىلەك يۇقۇملانغاندا شاخ ئايرىغان جايغا يېقىن جايدا سۇ تامچىسىغا ئوخشاش

---

4. مايسىدا يىلتىز چىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، تۇپراقنى چاغلاپ يۇمشىتىپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىپ، يېڭى يىلتىز تارتىشنى تېزلىتىش كېرەك.

5. مايسا يېتىشتۈرۈشتە، مايسا يېتىشتۈرۈش قاچىسى، مايسا يېتىشتۈرۈش پەتنۇسى، توك ئارقىلىق ئىسسىتىش سىمى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ مايسا يېتىشتۈرۈپ، پەرۋىشنى كۈچەيتىپ، مايسىنى تېمەن ئۆستۈرۈپ، يىلتىز چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

6. يىلتىز تارتىشنى تېزلىتىدىغان دورىلارنى ئىشلىتىپ، يىلتىزى تارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مايسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە مۇھىت شارائىتىغا ماسلىشىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك.

7. مايسا يېتىشتۈرۈشتە ئۇرۇقنى قىزىق سۇغا چىلاش، دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن دورىلاش ئارقىلىق، ئۇرۇق ئارقىلىق تارقىلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (03)

دۇگىلەك داغ پەيدا بولىدۇ، مېۋىسى يۇقۇملانغاندا تەرتىپسىز ئۇششاق داغلار پەيدا بولىدۇ ۋە تېز تەرەققىي قىلىدۇ. كېسەللەنگەن قىسمىدا ئۇش- شاق قارا چېكىتلەر بولىدۇ. شۇنداقلا كېسەللىك دېغى پەيدا بولغان ئورۇندا قوڭۇر رەڭلىك يېلىمسىمان ماددا ئېقىپ چىقىدۇ. كېيىن كېسەللەنگەن ئورۇندا تەدرىجىي ساغۇچ قوڭۇر يېلىمسىمان ماددا پەيدا بولۇپ، قۇرۇغاندىن كېيىن كېسەللىك دېغى كۈل رەڭ قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ. كېسەللەنگەن تۈپ- نىڭ پىلەك، يوپۇرماقلىرى تەدرىجىي سولىشىپ قۇرۇيدۇ.

كېسەللىك مىكروبى زەمبۇرۇغلار دۇنياسى يېرىم ئېنىق زەمبۇرۇغلار تىپىغا كىرىدۇ. كېسەللىك مىكروبى بۆلۈنگۈچى ئىسپورا ۋە زەمبۇرۇغ خالتىسى ھالىتىدە قىشتىن ئۆتىدۇ. ئۇرۇقمۇ كېسەللىك مىكروبىنى ئې- لىپ يۈرىدۇ، شامال ۋە سۇغىرىش ۋاستىسى ئارقىلىق يۇقىدۇ. كېسەللىك مىكروبى تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 30℃، نىسپىي نەملىك 58% دىن ئاشقاندا تەرەققىي قىلىدۇ. تاۋۇز پىلىكى تازا ئۆسۈپ راۋاجلىنىش مەزگىلىدە ھۆل ـ يېغىن كۆپ، مۇۋاپىق ئوغۇتلانمىغان، يورۇقلۇق شارائىتى ناچار بولسا، كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، پىلەك، يوپۇر- ماقلىرى باراقسان ئۆسكەن، تەكرار تېرىلغان، سۇغارغاندا يىلتىزى سۇغا چە- لىشىپ قالغان، پارنىك، يالتىراق كېمىردە ئۆستۈرۈلگەن تاۋۇز تۈپلىرىدە كۆپرەك كۆرۈلىدۇ.

ئالدىنى ئېلىش ـ يۇقتۇش تەدبىرى: (1) تۇپراقنى دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. پارنىكتا تاۋۇز مايسىسىنى يېتىشتۈرۈشتىن بۇرۇن، ئو- زۇقلۇق تۇپىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن 90% باغ تو- پىسىغا 1% كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙)، 8% ـ 10% قوي قىغىنى ئارىلاشتۇرۇپ تاسقاپ، ھەر كۇب مېتىرىغا 50% لىك دىكسون (敌克松 نەملىنىشچان پاراشوكىدىن 40 ـ 50 گىرامنى ياكى فورمالىن (福尔马林

福) نىڭ 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى چىچىپ دېزىنفېكسىيە قىلىش لازىم؛ (2) ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلىپ تېرىش لازىم. ئۇرۇققا 2.5% لىك گىچۇنجېڭ سۇتىسمان مېيى (咯菌晴署乳剂) دىن سەككىز مىللىلىتىرنى 100 مىللىلىتىر سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ، بىر كىلوگىرام ئورۇققا تەكشى ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. (3) كېسەللىككە چىداملىق سورتلارنى تاللاپ تېرىش كېرەك.، پارنىكقا ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك «شىنجاڭ شالغۇت تاۋۇزى - 28» (新密 28 号)، «شىنجاڭ شالغۇت تاۋۇزى - 16» (新密 16 号) قاتارلىق سورتلارنى تېرىش لازىم؛ (4) قوغۇن - تاۋۇزدىن باشقا زىرائەتلەر بىلەن نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىش لازىم؛ (5) كالىي، فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، تاۋۇزنىڭ ناچار شارائىتقا، كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم؛ (6) مۇنبەت، سۇ، ئوغۇت شارائىتى ياخشى تۇپراقلارنى تاللاش كېرەك. چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ يېتەرلىك ئوغۇتلاش بىلەن بىرگە فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، تىمەن ئۆستۇرۇش ۋە پىلەكنى تاراپ، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش، سۇغىرىش مىقدارىنى كونترول قىلىپ، چۈنەك تاختىسىغا سۇ چىقىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك؛ (7) كېسەللىك پەيدا بولغان مەزگىلدە 25% لىك مىجۇنجې سوسفىنزىيەلىك دورىسى (密菌酯悬浮剂) نىڭ 2500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى، 70% لىك تىرىزىمان (代森锰锌) نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 لىك ئېرىتمىسىنى ياكى 37% لىك بېنمىجياخۇەنزو (苯迷甲环唑水分散粉剂) دورىسىنىڭ 3500 - 4000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى ۋە ياكى 20% لىك بىڭلىيۇدۇجۇنلىڭ (丙硫多菌灵) دورىسىنى 2000 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ چېچىش لازىم. (8) كېسەل پەيدا بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدىكى مىكروب ئۆلتۈرىدىغان دورىلارنى قويۇقراق تەڭشەپ كېسەللەنگەن ئورۇنغا موي قەلەم ياكى كىچىك چوتكا ئارقىلىق سۈرسە 90% ئۈنۈم بېرىدۇ. (03)

سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ توڭلاپ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

مۆمىن ياسىن
(شىنجاڭ تارىم دەريا ئېقىنى قەشقەر باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 844700)

سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىدا سۇ بىلەن تۇپراقنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزئارا ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قىشتا سۇ، تۇپراق قاتلىمى توڭلاش جەريانىدا كېڭىيىدۇ. ئەتىيازدا توڭلىغان تۇپراق ئېرىپ ئولتۇرۇشۇپ كېتىدۇ، بۇ خىل توڭلاپ كېڭىيىش، ئېرىپ ئولتۇرۇشۇش ھادىسىسى يىلمۇ يىل يۈز بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ مۇزلىغاندىن كېيىن، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئالدىغا مۇز قاپلىشىۋېلىشتىن پەيدا بولغان بېسىمنىڭ تەسىرىدە قۇرۇلۇشنىڭ مۇقىملىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، بۇ خىل ھادىسە سۇ ئىنشائات قۇرلۇشلىرىنىڭ سۇ، تۇپراققا كېڭىشىپ تۇرغان بۆلۈكىگە يوشۇرۇن خەۋپ شەكىللەندۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراپ باشقۇرۇشتا چوقۇم قىشتىكى توڭ ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. بۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش لازىم.

1. ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى: (1) زەي چىقىرىش ئېغىزنى قويۇش لازىم. سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ توڭلاپ بۇزۇلىدىغان بۆلەكلىرى ـ سۇسىزىدىغان بۆلىكى، چاك، قۇرۇلما بىلەن تۇپراقنىڭ تۇتىشىش ئورنى، قۇرۇلۇشنىڭ سۇغا تېگىشىپ تۇرىدىغان قىسمى، سۇ كىرىش، چىقىش ئېغىزى قاتارلىقلار بولۇپ، شۇ ئورۇننىڭ يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن زەي چىقىرىش ئېغىزلىرىنى قويۇپ، سۇ يىغىلىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يەر ئاستى سۈيى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورۇنلاردا سۈنى تارتىپ چىقىرىش، زەيكەش چېپىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. (2) قىشتا ئىشلىتىلمەيدىغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ

قالغان سۇنى قاتتىق سوغۇق چۈشۈشتىن ئاۋۋال چىقىرىپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. (3) توڭلاش ئارقىلىق زىيانغا ئۇچراش ئېھتىمالى بولغان ۋاقىتلىق قۇرۇلۇشلار ۋە قىش پەسلىدە ئىشلەتمەيدىغان ئۈسكىنىلەرنى چۈۋۈپ تاشلاش ياكى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش لازىم. (4) سۇ، تۇپراق توڭلاشتىن بۇرۇن مۇز يېرىشقا تېگىشلىك جايلارغا مۇز يېرىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورنىتىۋېلىش ھەمدە سىناپ كۆرۈش لازىم. (5) توڭ ئېرىگەندىن كېيىن قۇرۇلۇشتا توڭدىن يېمىرىلىش، يېرىلىش، شەكلى ئۆزگىرىش، قىسمەن بۇزۇلۇش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى ۋاقتىدا، ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈش، ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ پۇختىلاش كېرەك. رېمونت قىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئىشلەش ئۇسۇلى لايىھەدىكى توڭغا قارشى تۇرۇش تەلىپىنى قاندۇرۇش لازىم. (6) توپا توساش تېمىنى ياساشتا ئۇلىنى چوڭقۇرلىتىپ ئىشلەش، ھېچ بولمىغاندا توڭلاش قەۋىتىنىڭ ئاستىغىچە ئىشلەش لازىم. (7) يان تەرەپتىن بىخەتەر سىزىشقا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، سېغىز توپا تىندۇرۇپ، توڭلاشتىن پەيدا بولىدىغان گورىزونتال كېڭىيىش كۈچىنى ئاجىزلىتىش كېرەك. (8) تىندۇرۇلغان توپىنىڭ سىرتقى قەۋىتىگە يىغىلىپ قالغان سۇنى ۋاقتىدا چىقىرىۋېتىپ، يەر يۈزىدىن سۈسىزىپ كېتىشنى ئازايتىپ، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇنىڭ مىقدارىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك.

2. توڭلاپ بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: (1) سۇ چىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلاپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى ۋە تۇپراقنىڭ نەملىك دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. (2) يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى بولمىغان رايونلاردا تۇپراق توڭلاشتىن ئىلگىرى ئېرىق - ئۆستەڭلەردىن ئىمكانقەدەر سۇ ئۆتكۈزۈشنى توختىتىش، شۇ ئارقىلىق يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى بولغان رايونلاردا قىش، ئەتىياز پەسىللىرىدە ئىمكان قەدەر ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا سۇ قاچىلاپ، توڭلاپ بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. (3) ئىنشا-

تاختىلاپ سۇغىرىش - سۇ تېجەشتىكى ئۈنۈملۈك تەدبىر

مۇيەسسەرجان قۇربانىنياز
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

تاختىلاپ سۇغىرىش سۇ ئەڭ كۆپ تېجىلىدىغان سۇغىرىش ئۇسۇللىرى-نىڭ بىرى، ئاپتونوم رايونىمىز سۇ بايلىقى كەمچىل، قۇرغاق رايون بولغاچقا سۇغىرىش رايونلىرىدا تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ئۇلۇغ سۇ بىلەن باستۇرۇپ سۇغىرىش، چوڭ ئېتىز، كىچىك تاختىلارنى باستۇرۇپ سۇغىرىش، تاختىلارنى ئاتلىتىپ سۇغىرىش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىپ، سۇ تېجەش تېپىدىكى ئىلغار سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويىدى. بۇنىڭ بىلەن سۇغىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سۇغىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1. تاختا كەڭلىكى 3 ـ 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 9 ـ 15 مېتىر بولسا ھەر خىل تۇپراق، زىرائەتلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچى ۋە ئېتىزنىڭ كىچىك كىلىماتىنى نەزەرگە ئالغاندىمۇ، سۇغىرىش نورمىسى ئېتىزنىڭ سۇ كىرىش ئېغىزىدىن ھېسابلىغاندا 25 ـ 35 كۇب مېتىر/مو غىچە بولىدۇ. بۇنى چوڭ ئېتىز بويىچە تاختىلاپ سۇغىرىشقا سېلىشتۇرغاندا، 40% ـ 60% سۇنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

2. تاختىلاپ سۇغارغاندا سۇنى، يەرنى، ئەمگەك كۈچىنى تېجەپلا قالماس-

---

ئاتلارنى چارلاپ تەكشۈرۈش، ئاسراپ باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، توڭلاشتىن بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە سەۋەبىنى تېپىپ چىقىپ خاتىرە قالدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇۋاپىق ئۇسۇللار ئارقىلىق توڭلاشنىڭ زىيىنىنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈش كېرەك. (4) ئەگەر بۇزۇلۇش ئېغىر بولۇپ، قايتا ياساشقا توغرا كەلگەندە قۇرۇلۇش قىلىش تەلىپى بويىچە قۇم ـ شېغىللارنى ئالماشتۇرۇش، ئۇلىنى چوڭقۇرلىتىش، تۈزۈلۈش شەكلىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى نۇقتىلىق قوللىنىش كېرەك. (03)

تىن سوغىرىشنىڭ تەكشىلىك دەرىجىسىنى يوقىرى كۆتۈرۈپ، سوغىرىش سۈيىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

3. تاختا ئۇزۇنلۇقى قانچە ئۇزۇن بولغانسېرى، ئېتىزدىكى سۇ ئېقىمىنىڭ سىڭىش ۋاقتى شۇنچە ئۇزۇن بولۇپ، سوغىرىشقا كېتىدىغان سۇ مىقدارى شۇنچە كۆپ بولىدۇ. ئەكسىچە ئېتىزنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى كىچىكلەتكەنسېرى سوغىرىش نورمىسى ئازىيىپ، سوغىرىشقا كېتىدىغان سۇ مىقدارى ئازىيىپ، سۇ تېجەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

4. تاختىلاپ سوغىرىشنى يولغا قويغاندا سۇنىڭ ئېقىمى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سۇ مىقدارىنى ئوڭاي كونترول قىلغىلى بولىدۇ. سۇ سىڭىش بىر قەدەر تەكشى بولۇپ، سوغىرىش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

5. تاختىلاپ سوغىرىشقا ئۆزگەرتكەندە ئېتىز تەكشى سوغىرىلىدۇ، شۇنداقلا ئېگىز ئورۇننى سوغارغىلى بولماسلىق، ئويمان يەرگە سۇ يىغىلىپ قېلىشتەك ناچار ئەھۋاللارنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

6. تاختىلاپ سوغارغاندا سۇنىڭ چوڭقۇر قاتلامغا سۇ سىڭىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى، تۇپراقنىڭ شورلىشىشى ۋە زەيلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

7. تاختىلاپ سوغارغاندا تۇپراقنىڭ يالىڭىشىنى ۋە قېتىۋېلىشىنى يېنىكلەتكىلى، تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنىڭ يۇيۇلۇپ، چوڭقۇر قاتلامغا سىڭىپ يوقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ۋە تۇپراقنىڭ قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

8. تاختىلاپ سوغىرىلىدىغان ئېتىزلار ئادەتتە تەكشى تۈزلىنىدىغان، ئېتىز قىرلىرى پەس سېلىنىدىغان بولغاچقا، ماشىنا ياكى باشقا ئىلغار ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىق تېرىقچىلىق قىلىش، پەرۋىش قىلىش، هوسۇل يىغىش قاتارلىق مەشغۇلاتلارنى قىلىشقا قولايلىق بولىدۇ. (05)

يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەشنىڭ ئەھمىيىتى

ئابلاجان ئاخۇن

(ئاتۇش شەھىرى ئۇستىن ئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن)

نۆۋەتتە سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ تېجەپ، پىلانلىق سۇغىرىشنى ئاساس قىلىپ، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ قۇرغاق رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا، سۇغا بولغان ئېھتىياجنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، چەكلىك سۇ مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولۇپ، ئاساسەن مۇنۇلارغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1. سۇنى تېجەپ، ئېھتىياجغا ئاساسەن پىلانلىق ئىشلەتكەندە، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىپلا قالماستىن، سۈپەتلىك، يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىكتە سۇنى تېجەپ، پىلانلىق ئىشلەتكەندە، سۇغىرىش كۆلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئاز سۇ بىلەن كۆپ يەرنى سۇغىرىپ، چەكلىك سۇ مەنبەسىدىن تولۇق پايدىلانغىلى ۋە پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

3. زىرائەتلەرگە ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرگە سۇنى تېجەشلىك، پىلانلىق ئىشلەتكەندە، يەرلەرنىڭ زىيادە نەملىشىپ، مەھسۇلاتنىڭ كېمىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

4. سۇنى تېجەپ، پىلانلىق ئىشلەتكەندە، تېرىلغۇ يەرلەر زەيلىشىپ، يەر ئاستى سۇ ئورنى ئۆرلەپ، تۇپراقنىڭ شورلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

5. سۇنى تېجەپ، پىلانلىق ئىشلەتكەندە سۇغىرىش مەزگىلىدە سۇغا بولغان جىددىيچىلىكنى پەسەيتىپ، قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن سۇغىرىش رايونلىرىدا سۇ ئىشلەتكەندە، سۇنى پىلانلىق، تېجەشلىك ئىشلىتىش ئىنتايىن مۇھىم. بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولغاچقا، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (05)

ئۆستەڭ لايىھەلەشنىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى

رەيھانگۈل ئەيسا
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ ئاققۇزىدىغان ئۆستەڭلەر بەش دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، يەنى ئانا ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ، ئوق ئۆستەڭ، دېھقانچىلىق ئۆستىڭى، شاخاپچا ئېرىق قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. كۆپ ھاللاردا ئانا ئۆستەڭ، ئوق ئۆستەڭ، دېھقانچىلىق ئۆستىڭى دەپ ئۈچ دەرىجىگە ئايرىپ ئىشلىتىدۇ. بۇ بەش دەرىجىدىكى ئۆستەڭ بىر - بىرىدىن كىچىك بولۇپ، ئۆزئارا پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئۆستەڭلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ قىلىپ ئۆزگەرتىپ ياسىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ يەتكۈزۈش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنىڭدا ئۆستەڭ لايىھەلەشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئۆستەڭ لايىھەلەشنىڭ باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئالدى بىلەن ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنى ۋە ئاھالىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كېرەك.

2. سۇغىرىلىدىغان يەر بىلەن سۇ ئالىدىغان ئامبار ياكى دەريانىڭ ئارىلىقىنى ئۆلچەپ، سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ مو سانىنى بېكىتىش كېرەك. سۇ ئالىدىغان ئامبار ياكى دەريانىڭ يەر ئېگىزلىكى، سۇغىرىلىدىغان كۆلەمنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىدىن ئېگىز بولۇشى كېرەك. ئۆستەڭ ياسىلىدىغان لىنىيەنىڭ تۇپراق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۆستەڭ لىنىيەسىنىڭ يۆنىلىشىنى بېكىتىش لازىم.

3. سۆگەت بادىرىسىدىن 30 ـ 40 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا قوزۇق ياساپ، ھەر 50 مېتىرغا بىردىن قوزۇق قېقىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئەھۋالغا قاراپ مەلۇم ئارىلىقتا ياكى بىر كىلومېتىر ئارىلىقتا ئېگىزلىكنى كونترول قىلىش نۇقتىسىنى بېكىتىپ قوزۇق قېقىش كېرەك.

4. قوزۇقنى قېقىپ بولغاندىن كېيىن، خاتالىق يۈز بېرىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم ئۆلچەش كېرەك.

5. ئۆلچەشنى تۈگىتىپ ھەربىر قوزۇقنىڭ ئاتلىمىتكىسى بېكىتىلىپ،

لوپ ناھىيىسىنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى

تۇرسۇنجان تۇرسۇنروزى
(لوپ ناھىيەلىك سۇ ئىدارىسىدىن 848200)

ناھىيەمىز كۇئېنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي تاغ تىزمىسىغا، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بىر يېشىل ماكان بولۇپ، كىلىماتى قۇرغاق ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز، شەرق تەرىپى چىرا ناھىيەسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى كۇئېنلۇن تاغ تىزمىلىرى بىلەن، غەرب تەرىپى يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. شىمالىي تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ ئاۋات ناھىيەسى بىلەن چېگرالىنىدۇ. جەنۇب - شىمال ئۇزۇنلۇقى 337.5 كىلومېتىر، شەرق - غەرب كەڭلىكى 24.9 ~ 67.5 كىلومېتىر بولۇپ، ئومۇمىي كۆلىمى 13572 كىۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تۈزلەڭلىك ۋە يېشىللىقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 5.8%، تاغلىق 10.2%، قۇملۇقنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 84% كېلىدۇ.

ناھىيەمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان سۇغىرىش سۈيىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بىۋاسىتە يورۇڭقاش دەرياسىدىن ئېلىنىدۇ. يورۇڭقاش دەرياسىدىن باشلانغان سۇ مىقدارى باش توسما سۇ بولۇش ئېغىزىغا كەلگەندە، ناھىيەمىزنىڭ سۇغىرىش رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن شەرقىي غول ئۆستەڭ ۋە غەربىي غول ئۆستەڭ دەپ ئىككى غول ئېقىمغا ئايرىلىدۇ. شەرقىي ئۆستەڭ سامپۇل، ناۋا، لوپ بازىرى، بەشتوغراق، دول قاتارلىق بەش يېزا - بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. غەربىي ئۆستەڭ بويا، چاھارباغ، ھاڭگى قاتارلىق ئۈچ يېزا - بازارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان تۈر مەبلىغىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق، ناھىيەمىزنىڭ سۇ ئىنشائات

يەنى ئۆلچەش ھېساباتى تۈگىگەندىن كېيىن، ماسىشتابلىق قەغەزنىڭ ئۈستىگە ھەر قوزۇقنىڭ ئورنى ۋە ئاتلىمىتكىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ياكى خەرىتە سىزىش كېرەك.

6. سىزىپ چىققان خەرىتە ئۈستىگە ئۆستەڭنىڭ لايىھە ئېگىزلىكىنى بېكىتىپ ئوكلۇن بەلگىلەش كېرەك.

7. لايىھە ئېگىزلىكى ۋە يەر شەكلى ئېگىزلىكىگە ئاساسەن، ھەربىر قوزۇقنىڭ قېزىش چوڭقۇرلۇقىنى ياكى كۆتۈرۈش ئېگىزلىكىنى بېكىتىپ، قېزىپ چىقىدىغان توپا مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىش ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئۆستەڭ ياسايدىغان ئورۇنغا تاپشۇرۇش لازىم. (05)

ئېرىق - ئۆستەڭلەردە لاتقا تىنىپ قېلىش ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى

مەمەت ئابلىز
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

قىسمەن ئۆستەڭلەرنى لايىھەلەشتە ئوكلونى بەك كىچىك بولۇپ قېلىپ، سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى ئاستا بولىدۇ، يەنى ھەر سېكۇنتتا سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى 0.6 مېتىردىن ئاستا بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆستەڭ ئىچىگە لاتقا ئاسانلا تىنىپ قالىدۇ. لاتقا تىنىپ قالسا ئۆستەڭنىڭ ئابيومى كىچىكلەپ، لايىھەدىكى سۇ ئۆتكۈزۈش ئۆلچىمىگە يەتمەي، سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى تېخىمۇ ئاستا بولىدۇ، سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى ئاستا بولغانسېرى لاتقا كۆپ تىنىدۇ. ئۆستەڭ سۇ ئۆتكۈزۈش ئۆلچىمىگە يەتمىسە ئېقىپ بارغان سۇ ئاز بولۇپ، سۇغىرىش رايونلارنىڭ ۋاقتىدا سۇغىرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇنداق ئەھۋال ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشسا لاتقا تېنىپ، سۇ ئېقىش تېزلىكىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆستەڭ لايىھەلىگەندە لاتقا

قۇرۇلۇشلىرى تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. (1) ئامبار قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ناھىيەمىز تەۋەسىدىكى ئىككى سۇ ئامبىرىنى مۇستەھكەملەش قۇرۇلۇشىنى تاماملاپ، ئامباردىن پايدىلىنىپ سۇغىرىلىدىغان ئومۇمىي سۇ ئېقىش تېزلىكىگە تەسىر يېتىدۇ. كۆلىمى 12.59 تۈمەن موغا يەتكۈزۈلدى؛ (2) سۇغىرىش ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى جەھەتتە، ناھىيەمىزنىڭ سۇغىرىش غول ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 2012 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 341.7 كىلومېتىرغا، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈپ ياسالغان ئۇزۇنلۇقى 262.6 كىلومېتىرغا، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش نىسبىتى 77% گە، تارماق ئۆستەڭ 409.8 كىلومېتىرغا، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈپ ياسالغان ئۇزۇنلۇقى 121.5 كىلومېتىرغا يېتىپ، سۇ سىڭمەسلەشتۈرۈش نىسبىتى 37.8% كە يەتكۈزۈلدى. (3) سۇ قىس بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئومۇمىي قۇدۇق سانى 346 كۆزگە يەتتى؛ (4) يېزا ئىچىملىك سۇنى ياخشىلاش جەھەتتە ئىلگىرىكى تارقاق باشقۇرۇشتىن، قېلىپلاشقان ھالەتتىكى بىرلەشمە سۇ زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلىپ، كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ئىچىملىك سۇ سۈپىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. (05)

توخۇدىكى كوكسىدىيوم قۇرتى كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش

تۆمۈر ئىمىن
(قۇمۇل ۋىلايەتلىك كەسپىي تېخنىكا مەكتىپىدىن 839000)

توخۇدىكى كوكسىدىيوم قۇرتى كېسەللىكى توخۇلاردا كۆپ كۆرۈلىدىغان، توخۇ باقمىچىلىقىغا زىيىنى ئېغىر بولغان پارازىت قۇرت كېسەللىكى ھېسابلىنىدۇ. كېسەللىكنى بىر خىل ياكى كۆپ خىل قۇرتلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تارىلىشى جىددىي بولىدۇ. 10 ـ 30 كۈنلۈك بولغان چۈجىلەر ياكى 35 ـ 60 كۈنلۈك بولغان توخۇلاردا كېسەللىنىش نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئۆلۈش نىسبىتى 80% گە يېتىدۇ. كېسەللەنگەن چۈجىنىڭ يېتىلىشى ئاستىلايدۇ، ئورۇقلايدۇ. يېتىلگەن چوڭ توخۇلار ئادەتتە كېسەللەنمەيدۇ، لېكىن قۇرت ئېلىپ يۈرۈيدۇ، مۇنداقلارنىڭ تۇخۇم تۇغۇشى ئازىيىدۇ.

1. كوكسىدىيوم قۇرتىنىڭ يۇقۇش جەريانى: كېسەل توخۇنىڭ مايىقىدا تۇخۇم خالتىسى بولىدۇ، مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا ۋە نەملىك شارائىتى ئاستىدا 1 ـ 2 كۈندە يېتىلىپ بولىدۇ. بۇ خىل تۇخۇم خالتىسىنى توخۇ

تىنىپ قېلىشنى ۋە سۇنىڭ ئېقىش تېزلىكى چوڭ بولۇپ ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىنى بۇزۇۋېتىشنى ئالاھىدە ئويلىشىش كېرەك.

ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى: (1) ھەر يىلى ئەتىيازدا سۇ باشلاشتىن بۇرۇن خەلق ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆستەڭ لىنىيەسىنى بىر قېتىم تازىلاش كېرەك؛ (2) ئەگەر توپا ئۆستەڭ بولسا ئۆستەڭنىڭ ئىككى قېشىغا ئوت ـ چۆپ، تال، جىگدە قاتارلىقلارنى تېرىپ، بىر تەرەپتىن سۇنىڭ بىھۇدە پارغا ئايلىنىپ ئىسراپ بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىر تەرەپتىن تۇپراقنىڭ سۇ زاپىسىنى جۇغلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك؛ (3) شارائىت يار بەرسە لاي سۇلارنى ئازراق باشلاش، سۈزۈك سۇنى كۆپرەك باشلاش ئارقىلىق، تىنىپ قالغان لاتقىلارنى سۇ بىلەن ماڭدۇرۇش كېرەك؛ (4) ئەگەر چوڭ تىپتىكى ئانا ئۆستەڭلەر بولسا مەخسۇس لاتقا تازىلايدىغان كىمىرلەرنى ماڭدۇرۇپ، لاتقىلارنى ئېقىتىپ تازىلاش كېرەك. (05)

يېگەندىن كېيىن، ئىسپورا بۆلۈنۈپ چىقىپ، ئۈچەي ئېپىتېلىيە ھۈجەي- رىسىدە يېتىلىپ، گامېتا، زىگوتاغا ئايلىنىدۇ. زىگوتانىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت پەردە ئوراپ تۇرىدىغان بولۇپ تەن سىرتىغا چىقىدۇ. كوكسىدىيوم قۇرتى ئۈچەي ئېپىتېلىيە ھۈجەيرىسىدە ئۆزۈكسىز جىنسىلىق ۋە جىنس- سىز كۆپىيىپ، ئۈچەي ئېپىتېلىيە ھۈجەيرىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ.

2. تارقىلىش ئالاھىدىلىكى: ھەر خىل نەسىلدىكى توخۇلار ئاسان يۇقۇملىنىدۇ. 15 ـ 30 كۈنلۈك بولغان چۈجىلەرنىڭ كېسەللىنىش نىس- بىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ. يېتىلگەن توخۇلارنىڭ بەلگىلىك قارشىلىق كۈچى بولىدۇ. كېسەل توخۇ ئاساسلىق يۇقۇم مەنبىيى ھېسابلىنىدۇ، كېسەل توخۇ يەم، سۇ، تۇپراق ۋە ئىشلەتكەن سايمانلارنى بۇلغاپ، يۇقۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بېقىپ باشقۇرۇش شارائىتىنىڭ نا- چار بولۇشى، توخۇ تۇرىدىغان ئورۇننىڭ بەك نەم بولۇشى، قىستىلىشىش، تازىلىقى ناچار بولۇش قاتارلىقلار كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئادەتتە قۇرت ئىسپورىسى نەم، بۇلغانغان جايدا نەچچە ئاي ياشى- يالايدۇ، ئىسسىق مۇھىتقا نىسبەتەن چىدامسىز بولىدۇ. 40℃ لۇق مۇ- ھىتتا يېتىلىشتىن توختايدۇ، 65℃ لۇق تېمپېراتۇرىدا بىر نەچچە سې- كۇنتتا تولۇق ئۆلىدۇ .

3. كىلىنىكىلىق ئالامىتى: كېسەل توخۇ روھسىزلىنىدۇ، پەي قانات- لىرى رەتسىز بولىدۇ، ئىشتىھاسىزلىنىدۇ، توخۇنىڭ تاجىسى ۋە كۆرۈشكە بولىدىغان شىللىق پەردىلىرىدە كەم قانلىق بولۇپ ئاقىرىپ كېتىدۇ، ئو- رۇقلايدۇ، قان ئارىلاش مايىقلايدۇ، ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش تەد- بىرىنى قوللانمىغاندا ئۆلۈش نىسبىتى %50 گە يېتىدۇ .

كوكسىدىيوم قۇرتى كېسىلىنىڭ ئالامىتى جىددىي تىپلىق ۋە سوزۇلما تىپلىق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. جىددىي تىپلىقتا: توخۇ روھسىزلى- نىدۇ، ئىشتىھاسى تۇتۇلىدۇ، ئىچى سۈرىدۇ، قانلىق مايىقلايدۇ، قان ئازى- يىپ، كۆرۈشكە بولىدىغان شىللىق پەردىلەردە، تاجىسىدا ئاقىرىش كۆرۈ-

لىدۇ، سۇسىزلىنىدۇ، تېرىسى قۇرغاقلىشىدۇ، كېسەللىك ئېغىرلاشقاندا ئۆلىدۇ. سوزۇلما تىپلىقتا، كوكسىدىيۇم قۇرتى كېسىلى جوجە ۋە توخۇلاردا كۆرۈلىدۇ، كېسەللىك تارىخى بىر نەچچە ھەپتە ھەتتا نەچچە ئايغا سوزۇلىدۇ. ئاساسلىق ئىچى سۈرۈش، يېگەن ئوزۇقنى تولۇق ھەزىم قىلالماي پوتون چىقىرۋېتىش، تېرىسى قۇرغاقلىشىش، توخوم توغۇشى ئازىيىش، ئورۇقلاش، توخۇم توغۇش مەزگىلى قىسقا بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

4. ئالدىنى ئېلىش: (1) بېقىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. كوكسىدىيۇم قۇرتى كېسىلىنى داۋالاشتا ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئىلمىي ئۇسۇلدا بېقىشنى يولغا قويۇش، تولۇق قىممەتلىك ئوزۇقلۇق بىلەن بېقىش، توخۇ بىلەن چۈجىلەرنى ئايرىپ بېقىش، مۇھىت تازىلىقىنى ياخشىلاش، يەمدان، سۇدان، توخۇ كاتىكى، ھەرىكەت مەيدانى قاتارلىق ئورۇنلارنى قەرەللىك دېزىنفېكسىيە قىلىش كېرەك. توخۇنىڭ يېمىگە ۋىتامىن A، ۋىتامىن B قوشۇپ بېرىش، بېلىق تالقىنى قوشۇپ بېرىش ئارقىلىق توخۇنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئېنىقلاشلارغا ئاساسلانغاندا، چيۇشيالىڭ (球杀灵) دورىسىنى 200 ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ توخۇنىڭ ھەرىكەت مەيدانى، توخۇ كاتىكىنى دېزىنفېكسىيە قىلغاندا قۇرت لىچىنكىسىنى ئۈنۈملۈك يوقاتقىلى بولىدىكەن. ئادەتتە توخۇنىڭ ھەر كىلوگىرام يېمىگە 0.25 ـ 0.5 مىللىگىرام سېلىن قوشۇپ بەرسە كوكسىدىيۇم قۇرتى كېسىلىگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ. توخۇ يېمىگە يېتەرلىك ۋىتامىن K ۋە ۋىتامىن A قوشۇپ بېرىش كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ. (2) ئىممۇنىتېتلاپ ئالدىنى ئېلىش: 4 ـ 14 كۈنلۈك بولغان چۈجىلەرگە تولۇق ۋاكسىنا ئەملەش كېرەك. ۋاكسىنا ئەملەش بىردەك تەكشى بولۇشى، مەيلى ئىچىدىغان سۇيىگە ياكى يېمىگە قوشۇپ بېرىش ئارقىلىق ۋاكسىنا ئەملەش بولسۇن ھەممە چۈجىگە تەكشى ۋاكسىنا ئەملەشكە ئەھمىيەت بېرىش كې-

سېيرلارنىڭ يۇقۇمسىز خاراكتېرلىك بالا تاشلاشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش

ئۆمەرجان مەمەت توختى
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 833400)

1. تۆرەلمە ۋە تۆرەلمە ھەمرىيىنىڭ نورمالسىزلىقى: بۇ تۆرەلمە- نىڭ غەيرىي شەكىلدە بولۇشى ياكى بىنورمال يېتىلىشى، تۆرەلمە ھەمرد- يىنىڭ تولۇق يېتىلمەسلىكى، تۆرەلمە ھەمرىيىنىڭ سۇلۇق ئىششىقى، باش سۇيى زىيادە ئاز ياكى كۆپ بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. سېيىرلارنىڭ كۆپىيىش يولى كېسەللىكلىرى: بۇ جىنسىي غىلاپ ياللۇغى، بالىياتقۇ ئىچكى پەردە ياللۇغى، تۆرەلمە ھەمرىيى چۈش- مەسلىك، جىنسىي ھورمۇنلارنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشى قالايمىقانلىشىش قا- تارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. مېخانىكىلىق زەخىملىنىش: بوغاز سېيىرلارنى ئىنەكلەرنى ئىخ- تىيارى ھەرىكەت قىلدۇرغاندا ئۈركۈتمەسلىك، قوغلىماسلىق، ئېرىق ۋە قاشالاردىن سەكرەشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سېيىرلار ياتىدىغان يەر بەك سى- لىق ۋە يانتۇ بولماسلىقى كېرەك. بوغاز سېيىرلارنى ئارىلىق قويۇپ مەھ-

---

رەك . ۋاكسىنا ئەملىنىپ 24 سائەت ئىچىدە ھېچقانداق دېزىنفېكسىيە دو- رىسى ياكى داۋالاش دورىسى ئىشلەتمەسلىك، 21 كۈن ئىچىدە يېمىگە ۋە ئىچىدىغان سۇيىگە قۇرت ئۆلتۈرۈش دورىسى قوشماسلىق، توخۇ كاتى- كىنىڭ نەملىكىنى 60% ـ 65% ئەتراپىدا كونترول قىلىش كېرەك. توخۇ، چۈجىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، روھىي ھالىتى بىنورمال بولسا دەرھال تۈپتىن ئايرىپ داۋالاش كېرەك. (3) دورا بىلەن داۋالاش: يېمىگە ياكى ئىچىدىغان سۇيىگە ئەنبىڭلىن (氨丙啉) نى قو- شۇپ بېرىش كېرەك. ئادەتتە ھەر كىلوگىرام يېمىگە 100 مىللىگىرام قوشۇپ، ئۇدا 1 ـ 2 ھەپتە بەرسە بولىدۇ ياكى چيۇلىلىڭ (球痢灵) نى ھەر كىلوگىرام يېمىگە 125 مىللىگىرام قوشۇپ ئۇدا 3 ـ 4 كۈن بەرسە بولىدۇ. (02)

كەم باغلاپ، ئۆزئارا ئۇسۇشۇشتىن ساقلىنىش كېرەك. بوغاز سېيىرلار قو-تانغا كىرگەندە ۋە چىققاندا ئىشىكتىن بىر - بىرلەپ ئالدىرىماي كىرگۈ-زۈپ، ئۆزئارا قىستىلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مالدوختۇر ۋە ئۇ-رۇقلاندۇرۇش خادىملىرى ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. سېيىرلارنىڭ بوغاز ۋە قىد-سىرلىقىنى توغرا ئۇچەي ۋە ۋاگىنادىن ئېنىقلىغاندا، قوپاللىق قىل-ماسلىق، تەكشۈرۈش خادىملىرى قول ۋە سايمانلارنىڭ دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

4. دورىلارنى نامۇۋاپىق ئىشلىتىش: تېخنىك خادىملارنىڭ بىخەس-تەلىكى ۋە دورىلارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشىگە ياخشى قارىماسلىق، سېيىرنىڭ بوغاز ياكى قىسىر ئىكەنلىكىنى مال ئىگىسىدىن تەپسىلىي سورىماسلىق، سۈرگە دورىسى، سۈيدۈك ھەيدىگۈچى دورىلار، ھوشسىزلاندۇرۇش دورىلىرى ۋە بىر قىسىم بالىياتقۇ قىسقارتقۇچى دورىلارنى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىش قاتارلىقلار بالا تاشلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

5. بېقىپ باشقۇرۇش مۇۋاپىق بولماسلىق: بېقىپ باشقۇرۇش ياخ-شى بولماسلىق ئاساسلىق سەۋەب بولۇپ، بوغاز سېيىرنىڭ ئوزۇقلۇق ماد-دىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى، بولۇپمۇ ئاقسىل، مىنېرال ماددا ۋە ۋىتا-مىنلارغا بولغان ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇش لازىم. بوغاز سېيىرنى مۇز تۇتقان سوغۇق سۇ بىلەن سۇغارماسلىق، چىرىپ سېسىپ ئۆزگەر-گەن ئوزۇقلۇقلارنى بەرمەسلىك كېرەك. قوتان قۇرغاق، كۆڭەي بولۇ-شى، قىشتا سوغۇقتىن، يازدا ئىسسىقتىن ساقلىيالايدىغان قىلىش، قو-تانلارنىڭ قاراڭغۇ ۋە زەي بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. مۇداپىئە ۋە يۇقۇم تەكشۈرۈش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قوتان ۋە ئوقۇرلارنى قەرەل-لىك دېزىنفېكسىيە قىلىش، كالىلارنى قەرەللىك قۇرتسىزلاندۇرۇپ تۇ-رۇش لازىم. (02)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

5 ـ ماددا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىدە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش لازىم: (1) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىنسانىيلىقىغا ھۆرمەت قىلىش؛ (2) قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىگە لايىقلىشىش؛ (3) تەربىيەلەش بىلەن قوغداشنى بىرلەشتۈرۈش.

6 ـ ماددا قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش دۆلەت ئورگانلىرى، قوراللىق كۈچلەر، پارتىيەلەر، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار، شەھەر، يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى ئاپتونوم تەشكىلاتلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ۋەسىيلىرى ۋە قۇرامىغا يەتكەن باشقا پۇقرالارنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىگە چېقىلىش قىلمىشلىرىنى ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخس نەسىھەت قىلىپ توسۇش، چەكلەش ياكى ئالاقىدار تارماقلارغا پاش قىلىش ياكى شىكايەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. دۆلەت، جەمئىيەت، مەكتەپ ۋە ئائىلىلەر قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى قوغداش، ئۆزىنى قوغداش ئېڭى ۋە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە تەربىيە ۋە ياردەم بېرىشى كېرەك.

7 ـ ماددا مەركەز ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىنى مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە ياخشى ئىشلىشى لازىم. گوۋۇيۈەن ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ؛ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش خىزمىتىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات يىرىك پىلانى ۋە يىللىق پىلانغا كىرگۈزىدۇ، كېرەكلىك خىراجەتنى شۇ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خام چوتىغا كىرگۈزىدۇ. (05)

سۇمۇرۇلىدىغان ۋە پۇركۈگۈچ دورىلارنى ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن 830019)

ئادەتتە زىققا ۋە دەم سىقىلىش كېسىلىگە ئىچىدىغان دورىلاردىن باشقا سۇمۇرۇلىدىغان ۋە پۇركۈگۈچ دورىلارنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلەتسە، مىقدارى ئاز، ئۈنۈمى تېز، ئەكس تەسىرى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئىشلىتىش ئەپ-لىك، ئۈنۈمى تېز بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل دورىلارنى چوقۇم دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە نۇقتىلىق سىنتۇۋېلىپ، ئىشلىتىش ۋاقتى، قېتىم سانى ئىشلىتىش ئۇسۇلىغا چوقۇم دىققەت قىلغاندا، دورىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپلا قالماستىن، ئەكس تەسىرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

1. پۇركۈگۈچ دورىنى ئامال بار ئەپچىللىك بىلەن كانايغا پۇركۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

2. پۇركۈگۈچ دورىنى بىخەستىلىكتىن، ئېغىز بوشلۇقى ۋە چىشقا پۇركۈشتىن ھەر ۋاقىت قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

3. سۇمۇرگۈچ دورىنى ئالدى بىلەن يۇقىرى ـ تۆۋەن سىلكىپ، ئاندىن ئاغزىنى ئېچىپ، بىر نەچچە قېتىم چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن سۇمۇرگۈچ دورىنى ئېغىزغا سېلىپ كۈچەپ شورىغاچ چوڭقۇر نە-پەس ئېلىش ھەمدە دورىنى سۇمۇرەلىگۈدەك ھالەتتە داۋاملىق سۇمۇرۇپ، ئاندىن ئېغىزىدىن چىقىرىپ، دەرھال ئېغىزنى چىڭ يۇمۇپ، 10 سېكۇنت-تىن كېيىن نەپەس ئېلىشقا دىققەت قىلسا، دورىنىڭ شىپالىق ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

4. بۇ خىلدىكى دورىلارنىڭ بەزىلىرىنى سەھەردە چىش چوتكىلاشتىن بۇرۇن ئىشلىتىپ، دەرھال چىشنى چوتكىلاش ھەمدە كەچتە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يەنە بىر قېتىم سۇمۇرۇپ ئاندىن چىشنى چوتكىلاش تەلەپ قىلىن-سا، يەنە بەزىلىرىنى پۇركۈپ 15 سېكۇنتتىن كېيىن ئىلمان سۇ ئىچىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بولمىسا چىشنىڭ سۇپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپ، چىشنى چىرىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

5. يەنە بەزى پۇركۈگۈچ دورىلارنى چۈشەندۈرۈش قەغىزىدە كۈندە قانداق

ۋاقىتتا پۈركۈش، مىقدارى ۋە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار ئېنىق يېزىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: بەزى دورىلارنى گالغا پۈركۈپ ياكى سۈمۈرگەندىن كېيىن دەرھال چىشنى چوتكىلاش تەلەپ قىلىنسا، يەنە بەزىلىرىنى ئىشلىتىپ بولۇپلا ئىلمان سۇ ئىچىۋەتسە شىپالىق ئۈنۈمى ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. شۇڭا دورا ئىشلىتىشتىن بۇرۇن: ① دوختۇردىن مەسلىھەت سوراش؛ ② چۈشەندۈرۈشنى تەپسىلىي ئوقۇش؛ ③ تەلەپ بويىچە ۋاقتى، مىقدارى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

6. سۈمۈرىدىغان ۋە پۈركۈيدىغان دورىلارنى تەلەپ بويىچە ئىشلەتكەندە، دورىنى كانايچە شىلىلىق پەردىگە يەتكۈزۈپ، دورىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ.

7. بۇ خىل دورىلارنى تەلەپ بويىچە ئىشلەتكەندە، دورىنىڭ بىۋاسىتە قىزىلئۈڭگەچكە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

8. بۇ خىلدىكى دورىلارنى چوقۇم تەلەپ بويىچە توغرا ئىشلەتكەندە، شىپالىق ئۈنۈمى ياخشى بولۇپ، دورىغا كېتىدىغان بىھۇدە چىقىمنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىقتىسادنى تېجىگىلى بولىدۇ.

9. ئادەتتە سۈمۈرگۈچ ۋە پۈركۈگۈچ دورىلارنىڭ بىر خىلىنى بەك ئۇزاق ئىشلىتىشتىن ساقلىنىپ، دوختۇرنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مۇۋاپىق ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ.

10. ئادەتتە پۈركۈگۈچ دورىلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ① دەم سىقىلىشقا شىپا بولىدىغان سۈمۈرۈلۈشچان كونترول دورىلار، مەسىلەن، شۇچۈەنلىڭ (舒喘灵)، چۈەنلېنىڭ (喘乐宁)، چۈەنكاڭسۇ (喘康速) قاتارلىقلار؛ ② زىققا كېسىلىگە شىپا بولىدىغان سۈمۈرۈلۈشچان ناترىي كىروموگلىكات دورىلىرى بولۇپ، بەزىلىرى بۇ كېسەلنىڭ قوزغىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينىسا، يەنە بەزىلىرى زىققا كېسىلىنى ئۈنۈملۈك داۋالاش رولىغا ئىگە. شۇڭا بۇ خىل دورىلارنى سېتىۋېلىشتىن بۇرۇن، كېسەلگە ئېنىق دىياگنوز قويغۇزۇپ، ئاندىن نۇقتىلىق دورا سېتىۋېلىپ تەپسىلىي چۈشەندۈرۈشنى ئەستايىدىل ئوقۇپ تەلەپ بويىچە، ۋاقتىدا ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

ئاپتورلار سەمىگە

«يېڭى پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاشكارا تارقىتىلىۋاتقان، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئۆلكە دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ئايلىق ژۇرنال. ئالدى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى ئىنچىكە قوللىغان ھەر ساھەدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ، سۆپەتلىك ماقالە بىلەن تەمىنلەۋاتقان قېرىنداشلارنىڭ يېڭى يىلىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە تېنىڭلارنىڭ ساغلام، ئىشلىرىڭلارنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز. شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىن ژۇرنىلىمىزغا مۇشتەرى بولۇش، ماقالە يېزىش ۋە ماقالە ئەۋەتىشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

1. ئاپتورلار ماقالىنى سۆز ـ جۈملىلىرى ئېنىق، ئىملاسىنى توغرا قىلىپ، كومپيۇتېردا (ئەلكاتىپ خەت سىستېمىسىدا) ئۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقىمىزغا يوللاڭ. تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ ئېلخەت ئادرېسى: 6833289652@qq.com؛ QQ نومۇرى: 6833289652.

2. ماقالە ماۋزۇسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى، ئىسىم ـ فامىلىڭىزنى كىملىكتىكى بويىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچىسىنى يېزىپ ئەۋەتىڭ.

3. ماقالىدىكى ھەرقانداق ئاتالغۇ، دورا ۋە سورتلارنىڭ نامىنى ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە ئۆلچەملىك يېزىپ ئەۋەتىڭ.

4. ماقالىدىكى سان ـ سىفىرلارنىڭ ئېنىق، توغرا، ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىدارىڭىزنىڭ مەسئۇل خادىمىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىدارىنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ئەۋەتىڭ.

5. ماقالىنىڭ ئاخىرىغا ئادرېسىڭىز، خىزمەت ئورنىڭىز، ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرىڭىز ۋە ئېلخەت ئادرېسىڭىزنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىڭ.

6. ژۇرنىلىمىز ئايدا بىر سان نەشر قىلىنىدۇ، ماقالىلارنىڭ پەسىلگە ماس كېلىشى ۋە ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماقالىڭىزنى ئىمكان بار شۇ پەسىل كېلىشتىن ئىككى ئاي بۇرۇن تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىڭ.

ئادرېسىمىزنى ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 304 ـ قورۇ «يېڭى پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە تېگىدۇ، دەپ يازسىڭىز بولىدۇ. (05)

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2013 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى

تىلىكىمىز

رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشايلى ...... ھەلىمە تۇرسۇن قاتارلىقلار (1-1)

تېرىش ۋە پەرۋىش

كۆممىقوناق ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ....پاتىگۈل ئابلەت (1-7)
بەرەڭگە ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇلى ....خۇرشىدەم قاتارلىقلار (1-10)
پارنىك كۆكتاتلىرىنى سۇغارغاندا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار .....چىمەنگۈل ساقاجىيۇف قاتارلىقلار (1-11)
قىشتا پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ....ئارزۇگۈل رېقىپ (1-12)
سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈشتە كۆرۈلىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش ئۇسۇلى
.... تۇنساگۈل تۇردى قاتارلىقلار (2-1)
كۈزگى بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشىدە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار.......... رابىيە ياسىن (2-3)
زىرە ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى .... پاتىمە ئابدۇرېشىت (2-4)
ياڭاقلىق باغقا بەرەڭگە ۋە تاۋۇزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئۇسۇلى ..... روزىگۈل تۇداخۇن (2-7)
كۈزگى بۇغداينىڭ ئەتىيازلىق پەرۋىشى ....ئەنۋەر تۇرسۇن (3-1)
كۆممىقوناقنىڭ مايسا مەزگىلىدىكى پەرۋىشى ....قەمگۈل تۇرسۇن قاتارلىقلار (3-3)
يۇقىرى زىچلىقتا كېۋەز ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار........................رابىيە ياسىن (3-4)
بۇغداينىڭ دان ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ....ئابلەت مەخمۇت قاتارلىقلار (3-6)
زىغىر ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ....تۇرسۇنگۈل يۇنۇس (3-7)
زەنجىۋىل ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ....ماھىرە يېزىم (3-9)
بەرەڭگە ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى .... ئابدۇۋاھىت ئىبراھىم (3-10)
زىيانسىز كۆكتات ئۆستۈرۈشتە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار...............روزىگۈل تۇداخۇن (3-12)
بۇغداينىڭ ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلىدىكى پەرۋىشى .... تۇرسۇنگۈل باۋۇدۇن قاتارلىقلار (4-1)
چىلگە تاۋۇزنى يۇقىرى ھوسۇللۇق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ...خالىدەم سۇلتان قاتارلىقلار (4-2)
گۈلچاي ئۆستۈرۈش ئۇسۇلى ....رەيھانگۈل ئابدىگۈل قاتارلىقلار (4-4)
كۆكتات مايسىسىنى كۆچۈرۈپ تىكىشتە دىققەت قىلىدىغان ئىشلار......ئايتۇرسۇن قۇۋان (4-6)
كېۋەز سورتلىرىنىڭ چېكىنىپ كېتىش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى ....ئابلەق ماخمۇت (4-7)
كېۋەزنىڭ بويىغا زورلاپ ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .....دىلبەر نامەت (4-10)
كۆكتات ئۇرۇقلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ....شەرۋانگۈل تۇرسۇنجان (4-11)
سەبدەگۈلنى پەرۋىش قىلىش ئۇسۇلى ....ئايشەمگۈل ئابلىز (4-12)

كۆممقوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرى ....ئاسمگۇل ئابلىمىت (5_1)

قوغۇننىڭ مايسا مەزگىلدىكى پەرۋىشى ....مەمەت ھاشىم (5_3)

ئېگىز كۆممقونقىنى ئۆستۇرۇش ئۇسۇلى ....گۇلنىسا ھارىپ (5_5)

ئېگىز تاۋۇزىنىڭ پەرۋىشىدىكى مۇھىم نۇقتىلار.................نىساگۇل ئەمەت قاتارلىقلار (6_1)

زاراڭزىنى يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۆستۇرۇش ئۇسۇلى ....بەختىيار ئەبەيدۇللا (6_3)

